تۇردى داۋۇت

# ئەقدە



مىللەتلەر نەشرىياتى

تۇردى داۋۇت

# ئەقدە

مىللەتلەر نەشرىياتى

# نەشرىياتتىن

شائىر تۇردى (تېيىپ) داۋۇت 1946-يىل 10-ئايدا چاپچال ناھىيىسىنىڭ جاغىستاي يېزىسىدا خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1955-يىلىدىن 1965-يىلىغىچە غۇلجا، جاغىستاي، چاپچاللاردا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1965-يىلىدىن باشلاپ چاپچال، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا ئوقۇتقۇچى، مۇخبىر، مۇھەررىر، كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. 1984-يىلى شىنجاڭ رادىئو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرگەن. 1964-يىلى تۇنجى شېئىرى «ئىلى گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغاندىن باشلاپ ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى ھەمدە ”كەمتەر“ تەخەللۇسى بىلەن فېلىيەتونلىرى ئېلان قىلىنغان. بىر قىسىم تېكىستلىرى ناخشا قىلىپ ئىشلەنگەن. ئۇ ئىلى ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. 1999-يىلى شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ئۇنىڭ «سۆيۈملۈك يۇرتۇم ئىلى» دېگەن شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدى. قولىڭىزدىكى بۇ توپلامغا شائىرنىڭ يېقىنقى يىللاردا يازغان بىر قىسىم شېئىرلىرى كىرگۈزۈلدى.

تۇردى داۋۇت 1999-يىل چاپچال ناھىيىلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدىن پېنسىيىگە چىققان، ھازىر ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

# مۇندەرىجە


ۋەتەنگە ۋەدەم ........................................ (1)
ياق كۆڭۈل بېرىلمە غەمكىن ھېسلارغا ................ (3)
تېپىۋالدىم ئۆزۈم يولۇمنى ............................ (4)
ئادالەت ئالەمدە ئۇلۇغ تەڭداشسىز .................... (5)
گۈلزارنىڭ شادلىقى ................................... (6)
كۆچەت تىكتۇق قاتار قىپ .............................. (8)
كۈيلەيمەن سېنى ........................................ (9)
ئۆرلە يۇرتۇم ........................................... (11)
باھار قوشاقلىرى (سېكىل) ............................ (13)
ئويغان يىگىت ......................................... (18)
بۈگۈن .................................................. (20)
بولمىسا ................................................ (21)
چوپان ھەققىدە ناخشا .................................. (22)
ئەمگەك ئەھلىگە مەدھىيە ............................. (25)
قارىغاي ................................................ (29)
ياز لىرىكىسى .......................................... (30)
باھار تەبەسسۇمى ...................................... (34)
غەزەپ ................................................. (36)

چىن دوستلۇق ........................................ (37)
شادلىق ................................................. (37)
تارىخ ................................................... (38)
كۆزۈمدىن ئاقتى يېشىم تارام-تارام ..................... (40)
ئامرىقىم (ناخشا تېكىستى) ........................... (42)
ھۆرمىتىم چەكسىز (ناخشا تېكىستى) ..................... (43)
گۈلچايدىن تۆكۈلەر دۇرگۈل ......................... (44)
جەۋلان قىلار قىزىل تۇغ ............................. (47)
يۈرەكلەر قۇت تىلەيدۇ ساڭا ئەبەد ..................... (50)
ئانا دالا قوينى كەڭ ................................... (52)
دىلبەر مېنى قىلما ئىنتىزار ......................... (54)
ئەقىدە ................................................. (56)
ئايدىڭ كېچە ........................................... (57)
سالام ئۇستاز ......................................... (58)
ھايات، سۆيگۈ ئەزەلدىن قوشماق ..................... (60)
ئۈمىد-مەشئەل، نۇر - چولپان ......................... (61)
ئىزگۈ تىلەك ھاياتتا يۆلەك ........................... (63)
چولپاننىڭ جىلۋىسى بار سۈبھىگىچە ................... (64)
ياپراقلار لەۋلىرىدە كۈمۈش قەترە ..................... (65)
نورۇز ئۇلۇغ بىر ناخشا ............................... (66)
دوستلىرىم يۆلەك ئۆرلەشلىرىمدە ..................... (70)
ياشىسۇن ئۇيغۇر نېنى ................................. (71)
دوپپامغا سىنىڭ ئىشقىڭ چۈشۈپ قالدى ................ (73)
يۈرەكلەردە ياندۇ گۈلخان ............................. (74)

ئەللەيلىرىڭ ئاق تىلەك .................... (75)
خىلۋەت مەھەللىدە يېپيېڭى بىر كۈن .......... (76)
مۇساپىسى ئۇزاقتۇر ئۇزاق .................... (78)
ئايغا چىققان ئالىممۇ بېشىن ئىگەر ئالدىڭدا ........ (79)
جۇلالىنار ۋىسال جىلۋىسى .................... (81)
يۈرىكىمدە سېغىنىش ھەردەم .................... (82)
بىر ناخشام بار مەڭگۈ تۈگىمەس .................. (85)
مەردلىكىڭگە ئەل قايىل .................... (87)
دەپ .................................... (90)
دېھقان .................................. (92)
ئانا يۇرتۇم ئالتۇن بۆشۈكۈم .................... (93)
بالىلار كۆڭلى غۇبارسىز تاڭدەك .................. (95)
سەن يېزىلدىڭ تارىخ بېتىگە .................... (96)
يۈرەكلەردە نورۇز شادلىقى .................... (98)
تىرىك ۋۇجۇد ئويغاق روھ تەلپۈنۈشلەر ئىلكىدە ... (100)
ئانا خەلقىم سۆيىمىسە .................... (103)
ئىپتىخارىم سەن مېنىڭ .................... (105)
ئادەملەر .................................. (110)
ئانا زېمىن يىلتىزىڭ .................... (113)
سۆيگۈ مەنسۇپ ئىككىمىزگىلا .................... (115)
تولۇن ئايغا ئېيتتىم سىرىمنى .................... (116)
سەن مېنى ئۇچۇرغان ئېھ ئالتۇن ئۇۋا .............. (117)
يىللار ئىشقى ئۇلۇغ كۈي .................... (120)
خەلق سۆيگەن شائىرسىز ئىزىڭىزدىن گۈل ئۈنگەن... (123)

هېيتىڭ مۇبارەك ………………………… (127)
خەلقىڭ سۆيگەن ئوغلان بولۇپ قال ……………… (128)
كەلدى نورۇز گۈلخۇمار ………………………… (130)
باھار سىزدىڭ، تاڭ سىزدىڭ………………… (134)
يىللارنىڭ بەرگىنى ئۈمىد، مۇھەببەت …………… (137)
تاشلىغىن نىگاھ ………………………… (140)
شادلىقىمدىن كۆتۈردۈم چوقان ……………… (141)
جىسمىم شادلىق ئىلكىدە شۇ تاپ ……………… (142)
ھالاللىقتا قۇياشتەك جامال………………… (143)
تاڭ شامىلى سۆيگىن يۈزۈمنى ……………… (144)
سەن تىكلىگىن ئۆلمەس ئابىدە ……………… (145)
رۇبائىيلار ………………………… (146)

# ۋەتەنگە ۋەدەم

## —1965-يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن

قانىتىم يېتىلدى پەرۋىشىڭ بىلەن،
ئىلىم-پەن كۆكىگە پەرۋاز قىلىشقا.
ۋەتىنىم تەييارمەن ئېھتىياجىڭغا،
تەييارمەن يولۇڭدا ھەردەم چېلىشقا.

قەيەرگە بۇيرۇساڭ بارىمەن شۇ يان،
بۇ مېنىڭ ئەڭ يۈكسەك تىلىكىم-ئەھدىم.
سەن ئۈچۈن ئىشلىسەم زاۋۇت-كانلاردا،
بۇ مېنىڭ تۈگىمەس شادلىقىم-بەختىم.

يېزىغا ئەۋەتسەڭ ئىشچان بىر دېھقان
بولۇشقا ئەھدىم بار، ئىشلەپ تاۋلىنىپ.
قالماسمەن ھېچقاچان ھالاۋەت ئىزدەپ،
ئۆزۈمنى مۇشەققەت-جاپادىن تارتىپ.

تاپشۇرساڭ مۇبادا بىر جەڭچى بولۇپ،
چېگرىنى قۇزغۇندىن-ياۋدىن ئاسراشنى.
مۇقەددەس بۇرچۇم دەپ بىلىمەن ھەر چاغ،
تېنىمنى قالقان قىپ سېنى ساقلاشنى.

بۇيرۇساڭ داۋاملىق ئوقۇشقا ئەگەر،
ئىلىم-پەن دېڭىزىدا بولىمەن كاراپ.
ياشايمەن بىر ئۆمۈر ئەمگىكىم بىلەن،
كۆكسۈمگە مەرىپەت گۈلىنى تاقاپ.

كۈرەشچان ئوغلۇڭمەن
يۇمران ئۇرۇقمەن،
بىخ سۇرۇپ ياشايمەن قوينۇڭدا ھەرچاغ.
ۋەتەن-ئەل ئىشىغا بېغىشلاپ ئۆمۈر،
بېلىمگە باغلىدىم يېشىلمەس بەلباغ.

ئۇرۇقمەن،
قەيەرگە چاچساڭ ۋەتىنىم
ئۈنۈمەن، ياپ-يېشىل بىخ سۇرۇپ كۆكلەپ.
رازىمەن مېڭىشقا ئەبەدىلئەبەد،
سەن ئۈچۈن يەلكەمگە تاغنىمۇ يۈكلەپ!

1965-يىل 30-ئىيۇن.

# ياق، كۆڭۈل بېرىلمە غەمكىن ھېسلارغا

چاڭ بېسىپ كەلمەكتە ئۇپۇقنى ئەنە،
ئاسماندا يۇلتۇزلار كۆڭلى پەرىشان.
بۇلۇتلار تۈتەيدۇ كائىنات، كۆكتە،
تولۇن ئاي خىلۋەتتە كۆرۈنەر پىنھان.

ۋادەرىخ!
بۇ تۈن نېمانچە ئۇزۇن ۋە سۇرلۇك،
سوزۇلۇپ تاڭ نىچۈن بالقىماس قۇياش؟!
ئادەملەر چىرايى سۇلغۇن، ئەلەملىك،
يۈرەكتە زەرداپ قان، كۆزلىرىدە ياش...

ياق، كۆڭۈل بېرىلمە غەمكىن ھېسلارغا،
تاڭ يورۇپ باقىدۇ بىر ساھىبجامال.
مىسكىنلەر چېچىكى چاراپ ئاشۇ كۈن،
باغرىغا باسىدۇ شادلىق ھەم ۋىسال!

1971-يىل ئاپرېل چاپچال.

# تېپىۋالدىم ئۆزۈم يولۇمنى

كۆڭلۈم يېقىن دەيتتىڭ يېنىشلاپ،
گاھى ئاشكارا، گاھىدا پىنھان.
كۈلۈپ تۇرۇپ يېڭىلدۇرۇپسەن،
شۇنداق سېھىرلىك ئىدىڭ سەن قاچان؟

ئاق كۆڭۈل دەپ ئۆزۈمگە ئوخشاش،
ئىشىنىپتىمەن كۈلكىلىرىڭگە.
بىلمەپتىمەن ئىچىڭدىكىنى،
ئالدىنىپتىمەن تۈلكىلىكىڭگە.

ھەسرەت چەكمەيمەن قىلچە ئاھ ئۇرۇپ،
چوڭقۇر ساۋاق ئالدىم يەتكۈدەك.
تونۇۋالدىم دوست كىم، دۈشمەن كىم،
ئىنسان شۇنداق ئەقىل تاپقىدەك.

1973-يىل فېۋرال چاپچال

# ئادالەت ئالەمدە ئۇلۇغ تەڭداشسىز

ئادالەت يېڭىلمەس، ئادالەت غالىب،
بولماق كىم بۇنىڭغا زەررىچە ھەيران.
ئادالەت شەمشىرى سۇنمايدۇ مەڭگۈ،
ئادالەت نوتىسى بولىدۇ ئورمان.

ئادالەت مېھرىلا ئۇلۇغ تەڭداشسىز،
سۆيۈنەر ئۇنىڭدىن مىدىرلىغان جان.
قۇياشتەك ھارارەت ئاڭا مۇجەسسەم،
ئىللىيدۇ تەپتىدىن كائىنات ھەر ئان!

1974-يىل ئاپرېل، چاپچال.



# گۈلزارنىڭ شادلىقى

كەلدى گۈلزار يايراپ شاد،
بايرام كۈنى مەكتەپتىن.
تاقاپتۇ ئۇ گالىستۇك،
شادلىق ياغار چېھرىدىن.

— ئاكا بۈگۈن پىئونېر
بولدۇم قارا، — دېدى ئۇ،
— كەلگۈسىدە كومسومول
بولىمەن، — دەپ كۈلدى ئۇ.

مەمنۇن بولۇپ ئاشۇ چاغ،
دېدىم سىڭلىم گۈلزارغا:
— دائىم ئۆرلە، ئالغا باس،
قاراپ نۇرلۇق ئىقبالغا.

كەمتەر بولغىن ھەر قاچان،
ئالقىش، ئىززەت تاپارسەن.
ئەگەر قىلساڭ مەغرۇرلۇق،
كېيىن پۇشمان قىلارسەن.

تىرىش سىڭلىم، ئالغا باس!
بۈگۈن ئىمكان بار ساڭا.
ئۆرلىشىڭگە ھەر دائىم،
مەكتەپ يۆلەك-يار ساڭا.

1979-يىل ئىيۇن چاپچال



# كۆچەت تىكتۇق قاتار قىپ

(بالىلار تىلىدىن)

كۆچەت تىكتۇق قاتار قىپ،
ئېگىز، قاتار ئۆسسۇن دەپ.
تەر ئاققۇزدۇق ماڭلايدىن،
كۆچەت تۆگەل تۇتسۇن دەپ.

كۆچەت تىكتۇق قاتار قىپ،
يېشىل ئورمان بولسۇن دەپ.
يوپۇرماقلار شىلدىرلاپ،
خۇشال چاۋاك چالسۇن دەپ.

كۆچەت تىكتۇق قاتار قىپ،
گۈلباغ ھۆسن ئالسۇن دەپ.
ئىشتىن يانغان ئىشچانلار
يايراپ ئارام ئالسۇن دەپ.

1979-يىل مارت، چاپچال.

# كۈيلەيمەن سىنى

تۇغۇلۇپ دۇنياغا كۆز ئاچتىم ئانا،
مامۇقتەك قۇچىقىڭ ئىللىق قوينۇڭدا.
”ئانا“دەپ تىل قاتسام تىلىم چىققاندا،
سۆيدۇڭسەن ”قوزام“دەپ
بېسىپ باغرىڭغا.

گۈل-چېچەك، گىياھلار ياشنىسۇن قانداق،
قۇياش ۋە تۇپراقتىن ئوزۇق ئالماستىن؟!
پەرزەنتىمۇ چوڭ بولۇپ يېتىلسۇن قانداق،
ئانىنىڭ ئاق سۈتىنى ئىمىپ قانماستىن؟!

سەن ئۆزۈڭ ئۆستۈردۈڭ كىرپىك قاقماستىن،
كېچەيۇ-كۈندۈزى ئەللەيلەپ مېنى.
ئانىلىق مېھرىڭنى ئاقلاش قەرزىمدۇر،
پەرزەنتلىك بۇرچۇم بۇ—كۈيلەيمەن سىنى!

ئېھ ئانا، قەلبىمدە مېھر-شەپقىتىڭ،
يانىدۇ لاۋۇلداپ بىر گۈلخان بولۇپ!

سەن ئۈچۈن دىلىمدا سۆيگۈ-مۇھەببەت،
دولقۇنلار توختىماي مەڭگۈ جۇش ئۇرۇپ!

بىر ئۆمۈر تەر تۆكۈپ چىن مېھنەت بىلەن،
كۈيلەيمەن قەدىرلىك، ئېزىز نامىڭنى!
ئاتايمەن قوغداشقا ئۇلۇغلۇقڭنى.
ياشلىقىم،
ھاياتىم،
ھەممە-بارىمنى!

1980-يىل يانۋار، چاپچال.



# ئۆرلە يۇرتۇم

شادلىقىڭ جىلۋە قىلار گۇل چېھرىڭدە،
ئانا يۇرتۇم گۈزەل چاپچال بوگۈن سېنىڭ.
ھەممە يەردە قىزىپ كەتتى توي بەزمىسى،
تەنتەنىگە تولدى ئەجەپ ھەممە يېقىڭ.

شىۋە قىزى «يانچىنا»[1]ئېيتار تويدا،
ئۇيغۇر قىزى ئويىنماقتا شوخ سەنەمگە.
قازاق قىزى دومبۇرا چىرتىپ بېرەر جاۋاب،
يىگىت ئېيتقان ياڭراق يېڭى بىر ئۆلەڭگە.

داستىخانلار تولدى نازۇنېمەتكە لىق،
يۇرتىمىزنىڭ ھەر تەرەپكە كەتتى دېڭى.
تولدى قايتاق مول ھوسۇلنىڭ دېنى بىلەن
تۇنۇگۇنكى يېرىم قالغان ئاشلىق سېڭى.

ئۆرلە يۇرتۇم!
گۇللە يۇرتۇم
قانات قاقىن،

---

① يانچىنا—شىۋە خەلق ناخشىسى.

غەلىبەسىرى ئۈزۈن سەپەر يوللىرىدا.
بۈگۈن تويۇڭ چوڭ تويلارنىڭ ھارپىسىدۇر،
ئۇلۇغ تويلار يەنە بىزنىڭ ئالدىمىزدا!

1980-يىل سىنتەبىر، چاپچال.



# باھار قوشاقلىرى

## ( سىكىل )

### قار كەتمەكتە

ئۆپۆققا تۇتاشقان كەڭ دالا-ئېتىز ،
قارىيىپ قاپتۇ، ئاپئاق قارى كېتىپ .
تولۇپتۇ تاختىلانغان ئېتىزلارغا،
زۇمرەتتەك قار سۇلىرى قىردىن ئېشىپ .

قۇياشنىڭ نۇرى رەڭدار يالتىرايدۇ ،
ئەگىزدە يالت-يۇلت قىلىپ كۆز چاقنىتىپ .
ئېتىز-قىرنى ياقىلايدۇ دېھقانلارمۇ ،
تېرىمنىڭ پىلانىغا ئالدىرىشىپ .

ئويغانغان دەرەخلەرمۇ كېرىلىشىپ ،
ئېرىقلاردا ئاققان ئەگىز نەغمىسىدىن .
خىيالىم جۇشقۇنلىدى ئېلىپ ئىلھام ،
بازارنىڭ زەپمۇ قايناق بەزمىسىدىن .

# يول ئۈستىدە

كۆردۈم مەن يول ئۈستىدە، قاۋۇل تاغام
هارۋىغا چىلان تورۇق قېتىۋاپتۇ.
ئۈستىگە قوي قىغىنى ئېگىز قىلىپ،
كېلىشتۈرۈپ راسا چىڭداپ بېسىۋاپتۇ.

—ئەسسالام قاۋۇل تاغا،
يول قاياقچا؟—
دېدىممەن قوزغاش ئۈچۈن "سەپراسى"نى.
—نېمە ئانچە جان خورۇتۇش ياشانغاندا،
ئوغۇللار تارتسۇن ئىشنىڭ جاپاسىنى.

—هەي ئۇكا،
بىلىپ تورۇپ سوراپ قالدىڭ،
ئېتىزغا ئېپ ماڭغىنىم گۆهەر، بىلسەڭ.
چېچىلسا، يەر كۈچيەر مۇنبەتلىشىپ،
ئوخشايدۇ كۈزدە ئاشلىق تاغ بىلەن تەڭ.

شۇنداق دەپ قامچىسىنى قارسىلدىتىپ،
ئېتىزغا ناخشا ئېيتىپ يۈرۈپ كەتتى.
شۇ ئاددىي سۆزى بىلەن دېھقان تاغام،
قەلبىمگە يېڭى تۇيغۇ سېلىپ كەتتى.

# سۆھبەت

يەكشەنبە ئىدى سەھەر بىر ئىش بىلەن،
دادۇينىڭ جىگۇڭدۇيىگە[1] بېرىپ قالدىم.
ئالدىراش ئىشلەر ئىدى ھەممە كىشى،
ئىشىغا قىزىقسىنىپ نەزەر سالدىم.

قەستەنگە مېنى كۆرسۇن دېگەندەك قىپ،
يۆتىلىپ تامىقىمنى قىرىپ قويدۇم.
بۇرۇلۇپ قارىغانتى بىر ياش تېخنىك،
ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ قولۇم سۇندۇم.

—مۇخبىر دەڭ،
ياخشى بوپتۇ كەلگىنىڭىز،
ئاز قالدى ئەڭ ئاخىرقى ئىشىمىزمۇ.
ماتورنى سىناپ باقساق ئوت ئالدۇرۇپ،
بوشايدۇ ئاندىن سىزگە قولىمىزمۇ. . .

ماتورمۇ سايراپ كەتتى ”تات-تات. . . قىلىپ،
كۈلۈشتۇق ھەممە خۇشخۇي قاقاقلىشىپ.
سۆھبەتمۇ قىزىپ كەتتى كەڭ-كۇشادە،
سۆزلىدى ئۇلار قىزىپ، نۆۋەتلىشىپ.

---

① جىگۇڭدۇي—ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتى.

تراكتور، سىيالكىلار تەق بولۇپتۇ،
ۋەزىپە بۆلۈنگەچكە ھەر يولداشقا.
ئىشلارنى سەرەمجان قىپ پۈتكۈزۈپتۇ،
تەق ئىكەن قاچان دېسە يەر ھايداشقا.

يايرىدى بۇ سۆھبەتتىن كۆڭلۈم مېنىڭ،
يەنە بىر كېلىمەن، دەپ مېڭىپ كەتتىم.
گېزىتكە خەۋەر يازماق بولۇپ دەرھال،
پاكىتنى قەلبىمگە چىڭ تېڭىپ كەتتىم.

## ئىشەنچ

ئەختەم ئاكا دېدى ماڭا، — تولۇق كەتسىلا،
مۇخبىر ئۇكا، شۇئان يەرگە قوش سالىمىز.
يەرنى چوڭقۇر، ئوبدان ھەيدەپ يۇمشاق قىلىپ،
مول-ھوسۇلغا پۇختا ئاساس ئۇل سالىمىز.

تالاي يەرگە يېتىپ-ئېشىپ قالغىدەك قىپ،
سورتلۇق ئۇرۇق خىللىرىنى راسلاپ قويدۇق.
دېھقانلار غەيرىتىنى قوي، سورىما،
يۇكسىلىشكە بەلنى مەھكەم باغلاپ قويدۇق.

مۇستەھكەم ئىرادىنى، ئىشەنچىنى،
كۆردۇم ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدە.

ئېيتقىنى راست، لاپ ئۇرمىدى ئەختەم شوجى،
ئىلمىي ئاساس تولۇق ھەربىر سۆزلىرىدە.

## خاتىمە

ئېھ باھار، ئەجەپ گۈزەل سۆيۈملۈكسەن،
زەپمۇ لەزىز ھېس سالىسەن ھەر كۆڭۈلگە!
يېڭى تۇيغۇ،
يېڭى مەزمۇن بېغىشلايسەن،
قايناق تۇرمۇش مەنبە بولغان ناخشا-كۈيگە!

1981-يىل فېۋرال، چاپچال.



# ئويغان يىگىت

چىرايىڭ زەپمۇ ئىللىق، پاك غۇبارسىز،
كۆرۈنىسەن بەك يېقىشلىق "ئوبدان يىگىت"
ئىسسىت، بىراق مەشغولاتىڭ تۆت ئوشۇقكەن،
زايە قىپسەن ياشلىقىڭنى، نادان يىگىت.

سەزمىدىڭمۇ ئۆتۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ،
بېشىنى چايقاپ، سوغۇق نەزەر سالغىنىنى؟
كۆرمىدىڭمۇ بېقىنىڭدىن ئۆتۈۋاتقان
تەڭ-تۇشلىرىڭ بىلىم ئېلىپ يانغىنىنى؟!

بىلىم ئېلىش ساڭا شۇنچە تەس كەلدىمۇ،
ئۇنى تاشلاپ مۇشۇ ئىشقا يېپىشقۇدەك.
مەكتەپتىكى دوستلىرىڭدىن ئۇزۇپ رىشتە،
بۇ دوقمۇشتا "تۆتى" بىلەن تېپىشقۇدەك.

ئېلىپ ماڭدى سېنى نەگە،
قانداق يولغا
غەپلەت ئىچرە سەن تېخىچە بىلمىدىڭمۇ؟
ئىچىملىك ۋە چېكىملىكنى، نادان يىگىت،

گۈلدىن گۈزەل ياشلىقىڭغا تېگىشتىڭمۇ؟!

ئات بېشىدەك ئالتۇن تىللا بەرسەڭمۇ گەر،
يېنىپ كەلمەس ئۆتكەن ئۆمرۈك — گۈل ياشلىقىڭ.
ئويغان يىگىت،
تىرەن ئويلاپ، بۇ مەسلىھەت،
ئەمدى كېرەك
ئىبرەت-ساۋاق ئالماقلىقىڭ!

1981-يىل ماي، چاپچال.



# بۈگۈن

يۈرتۇمىزدا مەمۇرچىلىق، تاپتى بەرىكەت دېھقان بۈگۈن،
قورۇ-قوتان مالغا تولۇپ كۈلدى يايراپ چوپان بۈگۈن.

ھەسەل، ناۋات، ئاش ۋە ياغنى ئىشلىسە كىم چىشلىدى شۇ،
ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق، قەلبى كۈلگەن زامان بۈگۈن.

ئاشتى ھوسۇل، ساڭلار تولدى، بازارلاردا ئەلۋەكچىلىك،
خېرىدارلار دىلى يايرار شۇنچە خۇشال-شادىمان بۈگۈن.

سۇنۇق تېيىن كۆرمەي بىرچاغ قۇرۇق يانچۇق سولتايغانلار،
مونەك-مونەك خەجلەيدۇ پۇل تولۇق ھەميان-چەندان بۈگۈن.

مول-باياشات داستىخاندا، ياڭزا-ياڭزا نازۇنېمەت،
ئەمگەكچىلەر چىن ھوقۇقلۇق كى ھەقىقىي سۇلتان بۈگۈن.

چۈمۈپ بەخت دەرياسىغا، دەۋرىمىزگە قەلبىمىزدە،
ياقۇنجايدۇ ئىلھام-ھېسسىيات بولۇپ ئاتەش-گۈلخان بۈگۈن.

1981-يىل يانۋار، چاپچال.

# بولمىسا

كېلەر نەدىن دەريا سۈيى بۇلاق-چەشمە بولمىسا،
كېلەر نەدىن ھېسسىيات ئىلھام تۇرمۇش مەنبە بولمىسا.

پەرۋاز قىلماس كۈمۈش قۇشلار، بولماس ئەسلا پولات، دۆلدۈل،
ھەرخىل مەدەن، كۆمۈر، نېفىت. . . بايلىق-خەزىنە بولمىسا.

ھېيت، مەشرەپ، توي قىزىماس يۈرەكلەرنىڭ تارىنى چېكىپ،
جاراڭلىغان خۇش يېقىملىق مۇقام-نەزمە بولمىسا.

كۈلەمتى دىل يايراپ خۇشال بەخت ئىچىدە ئاسايىشتا،
بۇنداق ئادىل، ئەركىن-ئازاد، ھۆر زامانە بولمىسا.

بۇ ئۆمۈرنىڭ نە قىممىتى، نە لەززىتى ھاياتلىقنىڭ،
ئانا ئېلىم، خەلقىم ئۈچۈن ئەجرىم تۆھپە بولمىسا.

1981-يىل يانۋار، چاپچال.

# چوپان ھەققىدە ناخشا

مۇخبىرمەن، تاغ ئارىلاپ كەزدىم ئاۋۇل،
ناخشىسى قىلدى مەپتۇن چوپانلارنىڭ.
تەرىپى يازغانلىرىم شۇ ناخشىنىڭ،
گۈل ھايات، خۇشال كۈلكە-چوقانلارنىڭ.

ساي-سالا نۇر ئىلكىدە قىلار جىلۋە،
مالچىلار سىرداش قۇۋناق ھايات بىلەن.
تونۇشتۇم، ئىچەكشىپ دوست بولۇشتۇق،
مالچىلار ماختاپ بەرگەن بارات بىلەن.

ئېگىز بوي، كەڭ پېشانە، كەڭ يەلكىلىك،
شۇڭقاردەك يىگىت ئىكەن بارات ئۆزى.
بۇغدىيۆڭ چېھرىسىدە سەممىيلىك،
چولپاندەك چاقناپ تۇرار ئۆتكۈر كۆزى.

سۆز بولسا ئۆزى ھەققە بارات ھەرگىز،
يىپ ئۇچى تۇتقۇزمايدۇ گەپ ئەگىتىپ.
يازغىنىم-ئەل ئاغزىدىن ئاڭلىغىنىم،
قويمىدىم بىرگە ھەرگىز ئوننى قېتىپ.

ئاڭلىدىم، ئاز ئەمەسكەن ئۇنىڭ ئەجرى،
كۈن بويى كۆزەتتىكەن تاغلار ئۈچۈن.
ھەر سۆزى يۈكسىلىشكە گۇۋاھ ئۇنىڭ،
جور بولۇپ جاراڭلاركەن تاغلار پۈتۈن.

ئاۋازى ياڭرايدىكەن چوققىلاردا،
مەپتۇنكەن ناخشىسىغا قارىغايلارمۇ.
ناخشا بوپ ئاڭلىناركەن يىلقا قايرىپ
ئۇ سالغان كېچىدىكى ھايت-ھويلارمۇ.

تاڭ چېغى ئات ئىگەرلەپ چىقسا ھەر كۈنى،
قوي ھەيدەپ ناخشا بىلەن قورالاردىن؛
قوي ئەمەس، توي كېلەركەن يايلاق ئارا،
سۇ كەبى ئېقىپ قاپتال، جىرالاردىن.

ئىسقىرتسا قويلار ھەتتا يىلقا، سېيىر،
تەلپۈنۈپ كۆزلىرىگە باقار ئىكەن.
ئەشۇ دەم چۈشەنگەندەك دىل سىرىنى،
يېشىل ئوت، سۈزۈك سۇغا چاپارئىكەن.

بۇركۈتنىڭ كۆزى ئىكەن ئۇنىڭ كۆزى،
تۇندىمۇ ئازمايدىكەن نىشانىدىن.
شۇڭلاشقا ئەجىلى توشقان ئىككى قاۋان،
ئوق يەپتۇ ھېچ خاتاسىز پېشانىدىن.

مالچىلار ئالقىشلاركەن ئۇنى دائىم،
قايىل بوپ ئۇنىڭ بەرگەن ۋەدىسىگە.
ئۆتتۈپتۇ شۇ ھەر يىل قىرقىم چېغى،
قالماستىن بۇگۇنكى ئىش ئەتىسىگە.

بۇ يايلاق بەيگىسىنىڭ كاتتىسىنى،
ئۇ باققان پادا ئاپتۇ سېمىزلىكتە.
يايلاقنىڭ كۆچمە قىزىل بايرىقىنى،
ئۇ تۇتۇپ يۈرەر ئىكەن ئېگىزلىكتە.

سورىدىم بوۋايلاردىن، ماختاشتى ھەم،
سۆز قاتتى مۇمايلارمۇ تەرىپىگە:
”بەش ساغلىق ئالدى بارات مۇكاپاتقا،
گۇل گوۋاھ مەيدىسىدە، شەرىپىگە.“

تاغ ھالقىپ كەزدىم ئاۋۇل، ناخشا ئىكەن
تەرىپى شۇ چوپاننىڭ ياڭراپ تۇرغان.
ئىشەندىم زەپەر قۇچار ئەتىسىگە،
پۈتەرمەن شەرىپىگە يېڭى داستان.

1982-يىل ئاپرېل، چاپچال.

# ئەمگەك ئەھلىگە مەدھىيە

## ( سېكىل )

### مۇقەددىمە

يۇرىكىم تەكتىدىن قاينار بۇلاقتەك،
ئەمگەكچى شەنىگە مەدھىيە ناخشام!
سېزىمەن ئۆزۈمنى چەكسىز بەختىيار،
نامىنى تەرىپلەپ ناخشامغا قاتسام!
ئەمگەكتىن يارالغان ئەجدادىم-پۇشتۇم،
تەر تۆكۈپ، ئىجاد قىپ تارىخ ياراتقان.
پاراسەت، ئىجتىھات بابىدا پۇتمەس،
ئالەمنى قايىل قىپ شۆھرەت تاراتقان.
سۆيىمەن يۇرەكتىن ئەمگەكچىلەرنى،
تۆھپىدىن ۋەتەنگە گۈل-چېچەك تاققان.
كۆيلەيمەن جاپاكەش ئەمگەك ئەھلىنى،
ھالال تەر ئەجرىدىن شان-شەرەپ تاپقان.

### ئۇنتۇمايمەن

گۈركىرەپ مېگىۋاتقان ئۇن زاۋۇتقا،

كۆرگىلى زىيارەت قىپ بېرىپ قالدىم.
رېمىنلار ھەرىكەتتىكەن،
كۆرۈپ ھەيھات،
تىڭىرقاپ-ئېسەنكىرەپ تۇرۇپ قالدىم!

"مېڭىۋېرىڭ... دېدى شۇدەم سېخ باشلىقى،
مېنىڭ ئۆڭگەن چىرايىمغا كۈلۈپ بېقىپ.
ھەربىر ئۆتكەل جەريانىنى چۈشەندۈردى،
سۆزىنى ماڭا روشەن بىرمۇبىر قىپ.

ھەر ئۆيدە تارسىلدىتىپ لەغمەن ئەتكەن،
ئاپئاق ئۈن كېلىدىكەن كۆپ ئەجرىدىن.
كۈمۈش تەر تۆكۈپ بۇندا بۇ ئىشچىلار،
مۆجىزە يارىتىپتۇ ھۈنەر-پەندىن.

ھەر بۇردا نان چىشلىسەم ھەر قاچاندا،
ئۇنتۇمايمەن ئىشچى بىلەن دېھقىنىمنى.
گەر ئۈنۈتسام تۇز كور دەڭلار ئېھ، خالايىق،
ماڭا ئاش-نان بېرىۋاتقان ئىشچىنىمنى!

## رېمونت سېخىدا

سېخقا كىرىپ باقتىم زوقلۇنۇپ،
ستانوك يېنىدا پەرۋانە قىزغا.

سايرار ستانوك، قىرار دېتالنى،
زېرەك قىزنىڭ ماھىر قولىدا.

كۆرگەن ئىدىم تونۇش چىراينى،
بايىراقتا مەن شەرەپ تاختىدا.
بايراقدار ئايگۇل كۆپكە تونۇلغان،
نۇرمىلىق ئىشنى ئاشۇرۇپ ئايدا.

قايىل بولدۇم،
ئاپىرىن دېدىم،
ئىشچان قىزنىڭ جاسارىتىگە.
پەنگە تايىنىپ يېڭى دەۋردە،
تۆھپە ياراتقان پاراستىگە!

## ئۆچمەس چىراغ

تۇن يېرىم بولغىلى نىكەم،
بۇ كېچە،
بىر ئۆيدە ئۆچمەپتۇ ئېلېكتر چىراغ.
ئۈستەلگە يېيىلغان كىتاب، چېرتيوژ،
بىر يىگىت ئىشلەيدۇ ئۇيقىدىن يىراق.

ئۇ زاۋۇت تېخنىكى بىزنىڭ ئابدۇللام،
ئەسلىدە ياپ ياشلا رېمونت ئىشچىسى.

قەلبىدە بولغاچقا ئۈمىد ۋە غايە،
ئاشۇنداق ئىزدىنەر كۈندۈز-كېچىسى.

جاپالىق تىرىشىش بەدىلىگە كەلدى،
بۇ نۆۋەت ئۇ ئالغان "ئىنژېنېر" ئۇنۋان.
ماختىنىش، چارچاشنى بىلمەيدۇ ئەسلا،
يۈرىكى ئاتەشتەك يېنىپلا تۇرغان...

## خاتىمە

كۆل بۈگۈن، يايرىغىن ئەي ئىشچانلىرىم،
ھۆرلۈكتىن نۇر ياغقان دەۋرانىڭ كەلدى!
ئىلىمنىڭ كۈچىدىن ئايدا بايرام قىل،
مەرىپەت گۈللەنگەن ئىمكانىڭ كەلدى!

كۆل بۈگۈن يايرىغىن ئەي ئىشچانلىرىم،
پاراسەت كۈچىگىدىن كەشپىيات يارات!
خەلقىم يار-مەدەتكار ھەر جايدا ساڭا،
قۇچ زەپەر،
سۈمرۈغتەك قاقىقىن سەن قانات!

1983-يىل 6-ئۆكتەبىر، چاپچال.

# قارىغاي

قەد كېرىپ تۇرىدۇ تاغدا قارىغاي،
ياپ-يېشىل تۇرقىنى ساقلاپ تۆت پەسىل.
قەددىنى پۈكەلمەس جۇدۇن-شىۋىرغان،
بىباھا خىسلىتى ئالەمدە ئېسىل.

ئارزۇيۇم—بولسامدىم قەيسەر قارىغاينىڭ
ئايرىلماس تېنىدىن كىچىك بىر شېخى.
ۋە ياكى تۆت پەسىل ئاشۇ بىر شاخنىڭ،
تۆكۈلمەس،
ياپ-يېشىل بىر تال ياپرىقى.

1983-يىل فېۋرال، چاپچال.



# ياز لىرىكىسى

ھەر پەسىل ھۆسنىدە ئۆزگىچە رەڭ بار،
ياز كەلدى، بارچىدىن ئۆزگىچە رەڭدار.
سەن دېدىڭ: ئېھ دوستۇم، جەننەت دېگەن شۇ،
مەن دېدىم: يار كەلدى لېۋىدە قەن بار.

نە ئېيتساق ھەقلىقىمىز تەرىپلەپ يازنى،
داستانلار يازساقمۇ قىلىدۇ ئازلىق.
ئايۋانلار ياسالدى تالاي ئۆيلەردە،
پىچىلدى شايىدىن كىيىملەر يازلىق.

كەڭ ئېتىز،
ھەر ئۆينى كەزدىم.
ئاڭلىدىم،
مول ھوسۇل ئۈستىدە بارىدۇ پاراڭ.
ھەر ھويلا ھۇزۇرى گويا گۇلىستان،
مىسالى مەرۋايىت تاۋلىنار باراڭ.

ئايلىناي ئايدىڭدا ئېيتقان ناخشىدىن،
ئەيلىدى ئۇ يازنى زەپمۇ يېقىملىق.

زۇمرەتتەك سۇلارچۇ شارقىراپ ئاققان،
بىر جۇشقۇن نەغمىدەك ئەجەپ رىتىملىق.

ئۇچىدۇ توختىماي مەيىن شاماللار،
پاراغەت ئىلكىدە كۇلىدۇ دالا.
ئۇپۇققا تۇتاشقان ئالتۇن رەڭ ئېتىز،
قوناقلار پۆپۇكتىن ئېسىشقان جالا.

چەيزىرەڭ گاز ياغلىق ئارتقان زىغىرلىق.
ئېسىپتۇ بوينىغا ياقۇتتىن مۇنچاق،
قوغۇنلۇق ئىچىدە ساينىڭ تېشىدەك،
ئوخشىغان قوغۇنلار ياتىدۇ سانجاق.

گۇللەرنىڭ لېۋىگە قوندى كېپىنەك،
كاۋىلار ئۇچ تارتىپ ئارتىلدى تامدىن.
ئۆرۈكلەر سەكرىشىپ چۇشتى چىمەنگە،
ئۇزۇلمەس باغلار ھەم كۇندە مېھماندىن.

ھەرىلەر، كېپىنەكلەر قويدى سۆيۇپ،
لېۋىگە رەڭگارەڭ چىمەنلەرنىڭ.
چۆمۇلە تىنماستىن يىغاركەن ئوزۇق،
ئاپىرىن! غەيرىتىگە شۇ چۈەرلەرنىڭ.

كۆز چاقار مەرۋايىت كەبى مۇنچاقلار،
باراڭلار ئۇستىدە—ياپراقلار ئارا.

كەمتەرلىك بابىدا سۆز ئاچماق بولساڭ
ئەنە ئۇ شاخ ئەگكەن ئالمىدىن سورا.

قىز-چوكان قولىغا يېقىپتۇ خېنە،
بار يەنە قېشىدا ئوسمىسى بىللە.
ئۇلارنى كۆرمەن ھەر كۈنى ئىشتا،
يېنىدا گۈل قىسقان قوشنىسى بىللە.

ياز كەلدى يارىشىپ ئانا يۇرتۇمغا،
بوستانلار باشلارغا تاشلىدى سايە.
شۇنداق ياز قوينىدا تۆككەن تەر بىلەن،
يۈكسىلەر بىزدىكى ئۈمىد ۋە غايە.

گۈزەل ياز بەھرىدىن ئالىدۇ لەززەت،
سايرىشىپ قۇشلارمۇ، ئۆز رىسقى بىلەن...
خورازلار چېللايدۇ تاڭلاردا ياڭراق،
يېڭىچە ھاياتقا چىن ئىشقى بىلەن.

باغلاردىن كېلىدۇ بۇلبۇلنىڭ ئۈنى،
كۆللەردە ئۆردەك-غاز يايرايدۇ يازدىن.
مەدھىيە ئاڭلايمەن شۇ ياز زوقىدا،
ئاسماندا تورنىلار ئۇچقان ئاۋازدىن.

ھەر گىياھ بويىدا شۇ يازنى كۆردۈم،
مەپتۇنمەن ھاياتنىڭ گۈزەللىكىگە!

زەپ ئىسىل كەلمەكتە ھەربىر يېزىمىز،
يارىشىپ دەۋرنىڭ ئەۋزەللىكىگە!

× × ×

ھەر پەسىل ھۆسنىدە ئۆزگىچە رەڭ بار،
ياز كەلدى بارچىدىن ئۆزگىچە رەڭدار.
ياشنايدۇ گۈل ھايات ئەندى ياز بىلەن
قول سىلىپ كەلگەچكە جانان جىلۋىدار!

1986-يىل ئىيۇل، چاپچال.



# باھار تەبەسسۇمى

تەبەسسۇم باغاشلىغان ھەممە ياقنى،
بۆلەكچە ھۆسن كىرگەن بۇ زېمىنغا.
ئېقىنلار شوخ كۈينى ياڭرىتىشقان،
شادلىقنىڭ سىغماي پەقەت قىنقىنىغا.

باھارنىڭ ۋەسلى ئۈچۈن خەندان ئۇرۇپ،
تورغايلار سايرىشادۇر بەس-بەس بىلەن.
ئېتىزلار قىزىپ كەتكەن ئىش-ئەمگەكتىن،
تۇرنىلارمۇ باقار كۆكتىن ھەۋەس بىلەن.

باھارنىڭ ئاپتىپى زەپ سۆيدى شېرىن،
قىرلاردا ئېچىلغان گۈل لەۋلىرىگە.
سۆيۈنۈپ بۇ ھاياتتىن ئانامۇ ھەم،
سۇ قۇيدى كۆيۈنۈپ سېرىن تۇۋلىرىگە.

”موما بۇ قانداق ئاش“ دەپ سورار قىزىم،
نورۇز ئېشىن ئىچىپ تۇرۇپ ئانام ئەتكەن.
”بۇ شۇنداق تاتلىق ئاشكى خاسىيەتلىك،
قەدىمدىن ئۇدۇم بىزگە داۋام ئەتكەن.“

قىزىمغا بېرىپ جاۋاب ئانام شوندۇق،
نىچۇندۇر جوپ بولاقتىن تۆكتى ئۈنچە. . .
ۋە لېكىن چېھرى نۇرلۇق، مېھرى ئاپتاپ،
ئالدىدا ئېچىلغاچقا تۆت جوپ غونچە.

دەل-دەرەخ پوتلا يېشىپ، بىخ سورۇشتى،
ئويغاندى گىياھلار ھەم ئۇيقىسىدىن.
جانلاندى ئۇچار قانات چۇۋ-چۇۋلىشىپ،
باھارنىڭ ساخاۋەتلىك چاچقۇسىدىن.

مەرەيدۇ قوي-قوزىلار كۆكلەملەردە،
قېنىشماي بىر-بىرىگە مېھرى بىلەن.
مايسىلار پىچىرلاشتى ئۆز تىلىدا،
تەبىئەتنىڭ ھەممەتكە باي سېھرى بىلەن.

كۆۋەجەپ ئاقتى سولار ئۆستەڭلەردە،
باغاشلاپ چىمەن قىرغاق بويلىرىنى.
پوتوشتى جوپ ئاشىقلار تال تۈۋىدە،
بۇ يىل كوز قىلماق بولۇپ تويلىرىنى.

دالا-قىر يېشىپ قويۇپ ئاق تونىنى،
يېڭىلاپ كىيدى يېشىل كىمخاپ چاپان.
بېدە-كۆك، يالپۇز تېرىپ ئەتتى چۆچۈرە،
ھەر ئۆيدە مېھرى ئاتەش قىز ھەم چوكان.

قاياققا باقساڭ، دوستۇم يايرار دىلىڭ،
تەبىئەت— گۈلباھارنىڭ تەبەسسۇمى!
ساقلىغاي دوقاللاردىن، تىلىكىم شۇ
گۈللەنگەي بۇ ھاياتنىڭ ھەر مەۋسۇمى!

1988-يىل 22-مارت، غۇلجا.

## غەزەپ

پارتىلايسەن يانار تاغدەك گۈلدۈرلەپ،
بەس كېلەلمەي قەھرىڭ تۇتسا ئۆزۈڭگە.
ھەيۋەڭ سېنىڭ جەھلى تۇتقان جەبرائىل،
يېنىلىكتۇر ساڭا دائىم كۆنەلگە.①

1988-يىل ماي، چاپچال.



① ئېچىتقۇ مەنىسىدە.

# چىن دوستلۇق

قورام-تاش مۇستەھكەم زېمىننى سۆيگەن،
زىمىستان، جۇت-بوران تەۋرىتەلمەس ھېچ.
تەۋرىمەس پىتنىلەر كۆتەرسە غەۋغا،
ھەتتاكى جەبرائىل تەڭلىسە قىلىچ.

# شادلىق

كۆرۈندۇ سۈپسۈزۈك،
زۇمرەت كەبى كەڭ ئاسمان.
كۆكتىن گويا شۇ تاپتا،
ئالتۇن زىيا-نۇر ياغقان.
پاك غۇبارسىز بىر ئۇپۇق،
جىلۋىلىنەر سۈبھىدەك؛
پارلاپ قۇياش بەجايى،
كۈلۈپ گۈزەل تاڭ ئاتقان.

1989-يىل فېۋرال، چاپچال.

# تارىخ

سەن ئالەمنىڭ ئەينىكى تارىخ،
شاھىدى سەن يىل، ئەسىرلەرنىڭ.
كۆرسىتىسەن لىللا ئەينىنى،
مۇنار-راۋاق ھەم قەسىرلەرنىڭ.

رەسسام سۈرەت سىزغاندەك گويا،
ياسىمايسەن، بەرمەيسەن بوياق.
قەدىمدىنلا خىسلىتىڭگە يات،
قۇراقچىدەك تىكمەيسەن قۇراق.

راست سۆزلۈكىڭ جاھانغا ئايان،
گىرىم بىلەن قىلمايسەن پەرداز.
تۇرقۇڭ ئۆڭمەس پەسىل ئالمىشىپ،
ئۆتسە قانچە قىش ھەم باھار-ياز.

لەبەيچۇ ئەمەس ئۆزۈڭ ئەزەلدىن،
ياكى قىلمايسەن خۇشامەت خانغا.
كىمنىڭ قۇدرىتى يېتىدۇ ساڭا؟
مەلۇم قىلسۇن ئۆزىنى جاھانغا.

سەممىي، راستچىل، لىللا ئەي تارىخ،
تۆھمەتخور ئەمەسسەن زەررىچە ئەسلا.
بەرمەيسەن كىشىگە كىشىنىڭ ھەققىنى،
چورت كېسىپ بۇ سېنىڭ، بۇ ئۇنىڭ دەپلا.

"كۆچۈپ" كەتسەڭمۇ ئانا دىياردىن،
ئىلىم ئەھلى بېرىدۇ ئۇچۇر.
چاقناپ تۇرىسەن ھەتتا كويىقاپتا،
تېپىلماس سەندىن ئىۋەن يا قۇسۇر.

كۆمۇلسەڭمۇ ئەمما بەزىدە،
ئانا تۇپراق باغاشلار سېنى.
تۆرىلىسەن قايتا زېمىنغا،
چۈنكى تاپىدۇ ئەۋلادلار سېنى.

سەن ئۆلمەيسەن مەڭگۈگە تارىخ،
ئالەم ئارا ياشناپ نۇر چېچىپ.
گۈللىنىسەن ئىزلار ئۇلىنىپ،
يېڭى رەڭدار
ئۆچمەس بەت ئېچىپ!

1989-يىل ئاپرېل، چاپچال.

# كۆزۈمدىن ئاقتى يېشىم تارام-تارام

—زۇنۇن قادىر ۋاپاتىغا مەرسىيە

كۆزۈمدىن ئاقتى يېشىم تارام-تارام،
جۇدالىق دىلغا بەرمەي بىر پەس ئارام.
ئايرىلىپ قالدۇق ئېسىت، بىز ئۇستازدىن،
ساقىيارمۇ ئەندى مېنىڭ يۈرەك يارام! ؟

ئۆلتۈرغان ئىدى ئەنە، قاش بويىدا،
ئارىمىزدا خۇشخۇي كۈلۈپ خىرىز سۈپەت.
ئۆيۈمدە-شۇ مىنوتلار تەۋرروكى،
يۈلغۇن چېچەك ئاچقان چاغدا چۈشكەن سۈرەت!

بىزگىلا كېلەمدىكىن مۇسىبەت دېگەن،
تۇنۇگۇنلا چۆپ-چۆپ بولغان ئىدى پەشلەر.
ئۇستىلەپ كېلىۋەرسە دەردۇ-ئەلەم
هەسرىتا!
بۇ يىغىمىز قانداق پەسلەر؟!

ۋادەرىخ! شۇم ئەجەلنىڭ تەلۋىلىكى،
بارچىنىڭ كۆزلىرىنى ياشلاپ كەتتى.

دىللارنى پارە-پارە قىلدى ھەسرەت،
نېمىشقا ئۇستاز بىزنى تاشلاپ كەتتى؟!

رەنجىتىپ قويدۇقمۇ يا بىلىپ-بىلمەي،
دەريادەك كەڭ كۆڭلىگە تورمەل قويۇپ؟
نە ئارمان تېپىپچانغا ھەمراھ بولساڭ،
كۆڭۈللەر تىنار قەۋرەڭ يوقلاپ تۇرۇپ!

نە ئامال! تەقدىر-قىسمەت ئىكەن شۇنداق،
سەن كەتتىڭ كېلەلمەيسەن ئەندى يەنە!
قاش بويى يۇلغۇن يىغلار قانلار يۇتۇپ،
پۈكۈلدى تۇمەن ئىرەن بېلى ئەنە!

رازى بول دەيدۇ ئويناق قاشنىڭ سۈيى،
ئەلەمدە شاۋقۇن سېلىپ، نەرە تارتىپ!
باش ئەگدى تەڭرى تېغى نادامەتتە،
يەلكىسىگە قوش جۇدالىق يۈكىنى ئارتىپ!

ھاياتىڭ قىممىتىدىن بەردىڭ ساۋاق،
پاك ياشاش دەستۇرىدا ئۆلگەڭ ئەۋزەل.
سەن كەتتىڭ لېكىن، خەلقىم دىللىرىدا،
تىكلىدى ساڭا يۈتمەس مۇنار-ھەيكەل!

1989-يىل چاپچال

# ئامرىقىم

## (ناخشا تېكىستى)

چېتىلغان رىشتىم ساڭا،
ئوت يۈرەك دېهقان قىزى.
ھەر باقساڭ تەبەسسۇمدا،
سەن گويا ھۆرنىڭ ئۆزى.

شادلىقتا ئۆتەر كۈنلەر،
قول تۇتۇپ سېنىڭ بىلەن.
سۆيگۈمىز چېچەكلەيدۇ،
ئامرىقىم ئىشقىڭ بىلەن.

ئىش پەيتى سەھەرلەردە،
بولىمەن ساڭا ھەمراھ.
ناخشا ئېيتساق جور بولۇپ،
تورغايلار بولار شەيدا.

غايىمىز كىرسىز بىزنىڭ،
دىلدا سۆيگۈ مۇستەھكەم.
گۈللەيمىز ئانا يۇرتنى،
بىر ئۆمۈر بولۇپ ھەمدەم.

# ھۆرمىتىم چەكسىز

## (ناخشا تېكىستى)

دىلدا ھۆرمىتىم چەكسىز،
ئۇستازىم قەدىردانغا.
مېھرى ئوت، ئۇلۇغ دەريا،
كۆيۈمچان، مېھرىبانغا.

ئۇنتۇلماس ئۇنچىدەك تەرى،
ئەۋلادلار ئۇچۇن ئاققان.
ئوبرازى تۇرار چاقناپ،
ئەجرىدىن شەرەپ تاپقان.

ئۇستازنىڭ شەنىنى كۈيلەپ،
ياڭراق كۈي قاتاي دەيمەن.
قەدىرلەپ ئۇنى دايىم،
بىر ئۆمۈر ئۇلۇغلايمەن.

1990-يىل ئىيۇل، چاپچال.

# گۈلچايدىن تۆكۈلەر دۇرگۈل

—جاغىستاي يېزىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن
مەشرەپتە ئوقۇلغان

گۈلچايدىن تۆكۈلەر دۇرگۈل،
دىلغا ھۇزۇر خۇشپۇراق چېچىپ.
سالام بېرىپ مەشرەپ ئەھلىگە،
مەنمۇ كەلدىم بىر ناخشا قېتىپ.

مەنمۇ كەلدىم شوق ناخشا ئېيتىپ،
ۋۇجۇدۇمدا جۇشقۇن ھاياجان.
قىيان سالار تومۇردا قېنىم،
شادلىقىمنى قىلىپ نامايان.

شادلىقىمنى قىلىپ نامايان،
قاراقلاردىن تۆكۈلەر يېشىم.
خەلق سۆيگەن سەنئىتىم كۈلدى،
مەغرۇرلۇقتا كۆكلەردە بېشىم!

مەغرۇرلۇقتا كۆكلەردە بېشىم،
گۇۋاھ ئاڭا دىلمۇك[1] ئاقار تاغ[2]
چوققىلىرى كۆكنى باغاشلاپ،
ئېتەكلىرى ياسانغان گۈلباغ.

ئېتەكلىرى ياسانغان گۈلباغ.
قىلار مېھمان بۇلبۇلنى شەيدا.
ئىناق-ئۆملۈك دەستۇرى ئەلنىڭ،
دوست، ئۇستازلار جىمىسى ھەغدا.

دوست، ئۇستازلار جىمىسى ھەغدا،
مەشرەپ سورۇنى تۈزۈلگەن باغدا.
تىرىكلەرغۇ بولۇشتۇق توپ-جەم،
كەتمەنلەنگەنلەر ئاھ، سىلەر قايدا!؟

كەتمەنلەنگەنلەر ئاھ، سىلەر قايدا!؟
ئەمما قەلبىمدە هايات ھەر دائىم.
ئىز بېسىپ كېلەر ئەۋلاد مەردانە،
يۈرەك توق شۇڭا قىلمايمەن ۋايىم.

يۈرەك توق شۇڭا قىلمايمەن ۋايىم،
مەشرەپ ئۇدۇمى قىلماقتا داۋام.

---

① ②جاغىستاي يېزىسىدىكى تاغلار.

قەدىرلەپ كەلگەن ئىسىل سەنئەتنى،
ئانا خەلقىمگە تۇمەن ئىھتىرام!

ئانا خەلقىمگە تۇمەن ئىھتىرام،
سەنئەتنىڭ كانى پۈتمەيدىغان!
ئىپتىخار-غۇرۇر مەن ئۇچۇن خەلقىم،
تارىختىن نامى ھېچ يىتمەيدىغان! ! !

1992-يىل سېنتەبىر جاغىستاي



# جەۋلان قىلار قىزىل تۇغ

پارتىيىنىڭ بايرىقى،
مەنزىلىمگە نۇر-مەشئەل.
قىزىل قانىنىڭ رەڭگى بار،
ئورغاق، بولقا بىرلەشكەن.
ئانا ئەلنىڭ بەختىچۈن
باھادىرلار قان كېچىپ،
تاڭ ۋەسلىنى ئىزدىشىپ،
تاغلار ئېشىپ قان تۆككەن.

كىچىكلىكتىن زورايدىڭ،
قۇدرەت تېپىپ كۈنسېرى.
ئۆتتى سېنىڭ بېشىڭدىن،
تالاي قىسمەت، ئىسسىق-سوغ.

توغرىلىقنى ئۆزۈڭگە،
مىزان قىلىپ ھەرقاچان.
يەڭدىڭ مۇشكۈل-خەتەرنى،
جەۋلان قىلدى قىزىل تۇغ.

ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇپ،
بولدى تالاي ئاۋارە.
ئاينىغانلار ئۆزىچە،
ئۆزگىلەرنى دوست تۇتۇپ.
قىتىغۇرلار پايپاسلاپ،
بولدى راسا سەكپارە،
بىراق، ئەپسۇس قىلىشتى،
ئەلەم بىلەن قان يۇتۇپ.

قىبلىنامە قىلدىڭسەن،
ئۇلۇغ يولنى ئۆزۈڭگە.
ئىقبال تاپتىڭ يەكۈنلەپ،
سەۋەنلىكنى، تارىخنى.
مەدرلىك بىلەن مەردانە،
قىياپەتتە بەردەم سەن،
تۇپ يىلتىزدىن ساقايتتىڭ،
ئۆزۈڭدىكى ئاغرىقنى.

تۇزدۇڭ يۇكسەك ئەتىنىڭ،
پىلانىنى ئۇلۇغۋار.
ئۇندا باردۇر خەلقىنىڭ،
يۇكسەك تىلەك ئارمىنى.
تارتسا سەپەر ئۇزۇلمەي،
ئۇيۇلتاشكەك بىرلىكتە،

قوْچار زەپەر داۋامەت،
چوڭ يوْروْشنىڭ كارۋىنى.

ئىشەنچىم بار چوقوْمكى،
كومپارتىيە يولباشچى:
نامايەندوْر كەلگوْسى،
ئامرىقىمدەك جىلۋىدار.
مەنزىل يىراق
ھەم پارلاق،
سوْبھى كەبى جىلمايغان.
جىمى ھايات ئويغانغان
تاڭلار گوْزەل،
زەپ رەڭدار!

1992-يىل 1-ئىيوْل، چاپچال.



# يۈرەكلەر قۇت تىلەيدۇ ساڭا ئەبەد

— «ئىلى كەچلىك گېزىتى» نەشرىگە بېغىشلايمەن

مۇبارەك كەچلىك گېزىت قۇتلۇق نامىڭ،
سەن زېمىن ئانا سۆيگەن پاقلان بوۋاق.
شەپەققە بۆلەنگىنىڭ سېنىڭ بەرھەق،
شادلىنىپ تېزدىم گۈللەر قوچاق-قۇچاق!

دولقۇنلاپ ئاقتى ئۆركەش ئىلى دەريا،
شاۋقۇنى كەتتى ياڭراپ ئۇزاقلارغا.
ئايدىڭدا جىلۋە قىلار يۇلتۇز قىزلار،
بولۇپ مەپتۇن بىز ياڭراتقان قوشاقلارغا.

قىزىپ كەتتى، ئاخشامدىكى پاراڭلارمۇ
«تولۇن ئاي» سۆيدى سەبىي يۈزلىرىڭنى.
جىلمىيار كەڭ ۋادىدا «ھەسەن-ھۆسەن»،
قەدىرلەپ بال-ھەسەلدەك سۆزلىرىڭنى.

«ئىسلاھات ساداسى»نى كۆردۇق سەندىن،
بەرىكەت بۇلىقىدۇر «ئاۋات بازار».

«كۆزەتچى» ئويغاق سەندە «ئېسىل ماكان» ،
كان ئېچىپ يەڭ شىمايلاپ ئالتۇن قازار.

گۈللەنگەن «ئىلى دەريا بويى» مۇ ھەم
«پەن-تېخنىكا روجىكى» ھەم بىزگە ئايان.
بازاردىن ئالدۇق ئۇچۇر «ئالتۇن دىيارىمىزدا» ،
«گۈزەل بولاي دېسىڭىز» مۇ بۇ ھەم بايان.

كۆز چاقنىتار «ئالاھىدە مەھسۇلاتلار» ،
زوق بېرەر دىلغا ئىلى مەنزىرىلىرى.
جاراڭلار باغلىرىڭدىن بۇلبۇللارنىڭ ،
شەنىڭگە ئاتىغان شوق نەزمىلىرى.

تۆكۈلدى ئاق چېچەكلەر ئېتەك-
ئېتەك ،
چاچتى چاچقۇ مەرىكەڭگە كەڭ تەبىئەت.
بەختىڭگە ھەمدەم-قاياش ياخشى تىلەك ،
يۈرەكلەر قۇت تىلەيدۇ ساڭا ئەبەد!

1992-يىل 1-دېكابىر چاپچال.

---

قوش تىرناق ئىچىدىكىلەر «ئىلى كەچلىك گېزىتى» نىڭ دەسلەپكى سەھىپىلىرى.

# ئانا دالا قوينى كەڭ

دالا-دالا قوينى كەڭ،
ئانا دالا سۆيۈملۈك.
ئۈپۈقلارغا تۇتاشقان،
كەڭرى قوينۇڭ سىنىڭكى.
قىيغىتىمەن ئەركىلەپ،
بالىلىقىم تۇتقاندەك.
كەچۈرگەيسەن بىر پەسكە،
شادلىقىم سەن مېنىڭكى!

گويا ئىپار پۇرايدۇ،
دىمىقىمغا ھەر دەقىق.
قۇياش سۆيگەن باغرىڭدا،
يەلپۈلدىگەن شىۋاقلار.
ئوينىۋالاي قانغىچە،
بالام كەبى مەن تەھقىق.
گۈل كۆرۈنەر كۆزۈمگە،
يېشىل مەخمەل قىياقلار.

چەكسىز كەتكەن دالانىڭ،
كۆرۈنمەيدۇ چەت-چېكى.

ياتار ئەنە، سوزۇلۇپ،
كەكلىك تولا بىنەملەر!
ئىغىناۋالاي چوقان سىپ،
قىن-قىنىمغا سىغماستىن،
بۇ ۋادىغا پاياندار،
رەڭدار گۇللۇك گىلەملەر.
ئۇسسۇزلۇقۇمغا سۇت-قىتىق،
بەردىڭ دالام ئاپمۇئاق.
ئارزۇلۇق شۇ بالاڭنىڭ،
يۇرىكى ھەم شۇنداق پاك.
قىنىۋالاي مىھرىڭگە،
باغاشلىغىن بالاڭنى
كەڭرى دالام سەن مىنىڭ،
جانىجان ئانام سىياق!

1993-يىل ماي، چاپچال.



# دىلبەر مېنى قىلما ئىنتىزار

بىرلا ئۆزۈڭ، بىرلا سەن ئۆزۈڭ،
چۈشلىرىمنىڭ مەنزىرىلىرىدە.
ئېھ، بىر ئۆزۈڭ ئامرىقىم دىلبەر،
ئىنتىلىشلەر مەنزىللىرىدە!

كۆزلىرىمدە ئۇيقۇ يوق زىنھار،
سېنى دىلبەر ئايدىن سورايمەن.
ئايمۇ مۆكتى خىجىل بوپ بەلكى،
سېنى ئەندى-كىمدىن سورايمەن! ؟

ھىجرانلىقتا ئۆلمەيمەن دىلبەر،
ئەقىدەمدۇر پاك-سۇزۇك ياشاش.
ساداقەتنىڭ ئېچىلسا گۈلى،
كۆلەر دىلىم ئاپتاپقا ئوخشاش.

يۈرىكىمنى بەرمەيمەن تۇتۇپ،
ھەسەتلەرنىڭ قۇرۇتلىرىغا.
قەلبىم مېنىڭ كەڭرى ئېكىنزار،
پاك سۆيگۈنىڭ ئۇرۇقلىرىغا.

باش ئەگمەيدۇ تەڭرىتاغ ئوغلى،
تۆھمەت-بۆھتان دۇرۇتلىرىغا.
پەر قاقىدۇ شۇڭقارلار مىسال،
ئارمان-مۇراد ئۇپۇقلىرىدا.

يۈرىكىمدە يوقتۇر ۋەھىمە،
قاراقلىرىمدا ئاينىڭ شولىسى.
يۇلتۇزلىرىم كۆلەر چاراقلاپ،
سۆيۈملۈكتۇر ئۇنىڭ جىلۋىسى.

كۈتمە-
كۈتمە دېمە دىلبىرىم،
كۈتۈشىمدىن بولمىغىن بىزار.
كەلسەڭ ئۇچۇپ باغاشلاي سېنى،
مېنى قىلما بۇنچە ئىنتىزار!

ئاددىي كۆلبەم بىر ئالتۇن قەسىر،
هۆرلەر تۇنەر قۇببىلىرىدە.
سۆيگۈ گۈلۈم ئېچىلدى سولماي،
ساداقىتىم سۈبھىلىرىدە!

1993-يىل 24-ئىيۇل، چاپچال.

# ئەقىدە

كۆيەر جىسمىم گۈلخانغا ئوخشاش،
تەپەككۇرۇم ئىلهامغا قولداش.

مەن ياشايمەن غۇرۇرۇم بىلەن،
تەلمۈرمەيمەن ئۆزگە كۆزلەرگە.
ئۆز بەختىمنى تاپىمەن ئۆزۈم،
ئىشەنمەيمەن ساختا سۆزلەرگە.

ئېگىلمەيمەن زوراۋانلارغا،
قەددىم پۈكۈپ ”خوش-خوش“ دېمەيمەن.!
ئاجىز-غېرىب، بىچارىلەرگە،
قامچا شىلتىپ ”پوش-پوش“ دېمەيمەن.

ئەل-ۋەتەنگە مېھرىمدۇر ئاتەش،
خەلقىم ئۈچۈن بىر ئۆمۈر چاكار.
شۇ غايىدە ياشايمەن ئەبەت،
ماڭا مۇشۇ ئەقىدە ياقار.

كۆيەر جىسمىم گۈلخانغا ئوخشاش،
دىلخانەمدە پارقىرار قۇياش!

# ئايدىڭ كېچە

شوخلۇق قىلىپ ئويناپ مۆكۈشمەك،
دېرىزەمدىن كەتمەس تولۇن ئاي،
قىزىرىدۇ ئېيتماي دىل سىرىن،
ناز-كەرەشمە قىلىدۇ تىنماي.

ئۇپۇقلارنى ئېتىپتۇ قاشلىق،
يۇلتۇزلاردىن تاقاپتۇ مارجان.
تاج قىلىپتۇ ئۇكەرلەرنى ھەم
جىلۋىلىنەر كەڭ زەڭگەر ئاسمان.

نەپىس شايىدەك ئاق سامانيولى،
ئۇچار بوشلۇقتا چېتى كۆرۈنمەس.
دىلنى تارتار دېھقان يىگىتنىڭ،
ئېيتقان ناخشىسى مەڭگۈ ئۈزۈلمەس...

1993-يىل ئۆكتەبىر، چاپچال.

# سالام ئۇستازىم

سالام ئۇستاز!
سالام سىزگە قەدىردان،
شوتا بولغان چوققىلارغا ئۆرلىسەم.
سالام سىزگە چىن يۈرەكتىن ئېھتىرام،
مەشئەل بولغان كېلەچەكنى كۆزلىسەم.

سىزنىڭ ئوتلۇق مېھرىڭىزدىن ئۇستازىم،
گويا قۇياش هاراربتى سېزىمەن.
يۈرىكىمدىن سىزگە ئاتاپ يالقۇنلۇق،
مىسرالاردىن گۈلدەستىلەر تىزىمەن.

سىز بەردىڭىز ئابى هايات كەۋسىرى
مەرىپەتكە تەشنا بولغان دىللارغا.
ئەجىر قىلىپ ئۆستۈردىڭىز تۈمەن گۈل،
ئەۋلاد كۈلگەن مەرىپەتلىك باغلاردا.

بور تۇزىڭى چېكىڭىزدە ئېچىپتۇ،
يالتىرىغان كۈمۈش رەڭلىك چېچەكلەر.
ئەمما سىزدە يوق ئۆكۈنۈش زەررىچە

مىليون دىلغا ياققاچ ئۇلۇغ ئىستەكلەر.

شەنىڭىزگە ئالىي ھۆرمەت،
ئېھتىرام،
سالام ئۇستاز
سالام سىزگە قەدىردان!
ئەۋلاد ئۇچۇن سىڭدۈردىڭىز مېھنەت-تەر
ئۇنتۇلمايدۇ
بۇ تۆھپىڭىز ھېچقاچان!

1993-يىل سېنتەبىر، چاپچال.



# ھايات، سۆيگۈ ئەزەلدىن قوشماق

چوققىلاردىن كېلىدۇ سادا،
ئورمانلاردىن ياڭرايدۇ شاۋقۇن.
لەرزان ئەتسە سالقىن شوخ سابا،
يۈرەكلەردە كۆۋەجەر دولقۇن.

داللاردا مىدىرايدۇ ھايات،
چېكىپ يۈرەك بېغىشلىرىنى.
ئۆچمەس ئىزلار چاقنايدۇ بۇندا،
كۆتۈپ سىرلار ئېچىشلىرىنى.

قىياقلارنىڭ بەرگىدە مارجان،
شىۋاق ھىدى يارىدۇ دىماق.
ھايات، سۆيگۈ ئەزەلدىن قوشماق،
كەچمىشلىرى ئۇزاقتۇر-ئۇزاق.

1992-يىل 2-ئىيۇل، چاپچال.

# ئۈمىد— مەشئەل، نۇر - چولپان

ئۈمىد، غايە يۈرىكىمدە نۇر چېچىپ،
چاقناپ تۇرغان سەھەردىكى ئېھ، چولپان!
بۇ دۇنياغا بىر ئانىدىن كۆز ئېچىپ،
مەن ئۈمىدۋار ياشاۋاتقان بىر ئىنسان.

ئۈمىد، غايە ئۇچقۇنلىرى ھەرقاچان،
ئۇلغىياركى لاۋا ئاتقان بىر گۈلخان.
ئۈمىد— مەشئەل،
غايە پارلاق ئالدىمدا،
دىل تەكتىمنى كۈندەك نۇرلۇق يورۇتقان.

ئۈمىد، غايە
سىرداش دوستۇم ھەمدىمىم،
مېنىڭ بىلەن بىر كۈندە تەڭ تۇغۇلغان.
شۇندىن باشلاپ ئۈزۈلمەستىن رىشتىمىز،
ۋاپا-سۆيگۈ ئىشقى بىلەن چوڭ بولغان.

باشقا چۈشسە تاغدەك ئېغىر كۈلپەت-غەم،
ئۈمىدتىن ھېچ ئۈزۈلمىگەن دىل رىشتىم.

قايغۇ-ھىجران تۈنلىرىدە سىنالغان،
يالقۇنلىغان مېنىڭ ئوتلۇق چىن مېھرىم.
غايە ئۆچمەس يۈرىكىمدە ئوتقاشتەك،
ئۈنىڭ بىلەن غەمدىن يىراق نۇر چېھرىم...

مەن ياشايمەن شۇڭا كۈلۈپ دۇنيادا،
ئۈمىدۋار بوپ ئالغا قاراپ ھەرقاچان.
ئۈمىد، غايە مەشئەل، ئوتلۇق نۇر-چولپان،
ئۈندىن كۈلەر ھەممە ئىنسان، كەڭ جاھان!

1992-يىل ئاۋغۇست، چاپچال.



# ئىزگۈ تىلەك ھاياتتا يۆلەك

تىك قىيادا تۇرىمەن تەنھا،
كەڭ دالانى كېزىدۇ يۇرەك.
چىغىر يوللۇق توپىلىكلەردە،
قالغان ئىزلار،
قالغان كۆپ تىلەك!

ئىزگۈ تىلەك ھاياتتا يۆلەك،
قىسمەتلەردىن قالىدۇ سۇرەت.
يوللار ئۇزاق، مۇشكۇل داۋانلىق،
قىسقىرايدۇ بولغاچقا جۇرئەت.

1993-يىل 9-ئىيۇن، چاپچال.



# چولپاننىڭ جىلۋىسى بار سۈبھىگىچە

سېنىڭ سۈتتەك ئايدىڭلىرىڭ ئانا يۇرتۇم،
بىر نەپەس سۈرەت سىزدى يۈرىكىمگە.
ساياق ھېسلار تىزگىنىنى تۇتتۇم ئۆزۈم،
ئەقىدەم يەتكۈزىدۇ تىلىكىمگە.

ئايدىڭدا يولدىن ھەرگىز ئاداشمايمەن،
ئۈكەرنىڭ جىمىرلىشى زەپ ئۆزگىچە.
سەزگۈلەر غىدىقلىما شاش بالاڭنى،
چولپاننىڭ جىلۋىسى بار سۈبھىگىچە.

ئېتىكىڭ ئالتۇن تاۋاق زەرگە تولدى،
ئارقاردىن[1]ھالقىپ سېنى سۆيدى قوياش.
ئوغلانىڭ كىندىك قېنى ساڭا سىڭگەن،
بىر ئۆمۈر ئۆرلىشىڭگە بولار قولداش!

1994-يىل دېكابىر جاغىستاي.

---

① جاغىستاي يېزىسىدىكى تاغ ئىسمى.

# ياپراقلار لەۋلىرىدە كۈمۈش قەترە

تاڭ قىزى قاپاق ئاچتى تەبەسسۇمدە،
تۆكۈلەر زەر كىرپىكى چاقناپ تال-تال.
ياپراقلار لەۋلىرىدە كۈمۈش قەترە،
ۋە لېكىن قېقىۋەتتى قوتۇر شامال.

•

شامالنىڭ سەۋەنلىكى ئاڭا خۇيدۇر،
ئۆزگەرمەس تەبىئىتى ئۇنىڭ بەلكى.
زېمىندا يېشىللىقلار جۇلالاتقان،
شۇ كۈمۈش قەترىلەرنىڭ چىن ھېكمىتى.

1994-يىل يانۋار، چاپچال.



# نورۇز ئۇلۇغ بىر ناخشا

تۈگىمەيدۇ ئېيتقانغا،
نورۇز ئۇلۇغ بىر ناخشا.
زېمىن ئانا ئويغاندى،
نورۇز ئاڭا دىل ياقسا.
نورۇز تامار قۇياشتىن،
سىڭەر يېنىپ قۇياشقا.
ئۇنى توغقان كائىنات،
ئۇلۇغ ئەجداد ياشىغان.
ئېتىكى كەڭ، باغرى قۇت
ھېكمەتلىك تۇپراققا!

ئاتىلارنىڭ شادلىقى،
نورۇز كۆرۈپ يۈز ئاچقان.
ئانىلارنىڭ چىن مېھرى
ساڭا نورۇز چىرماشقان.
سېنىڭ رەڭدار سۈرىتىڭ،
كەڭ ئالەمگە كۆز ئاچقان.
سېنىڭ جېنىڭ— ھاياتىڭ،
ئەجداد بىلەن گۈل ئاچقان!

قەدىم «تېلى قوشىقى»،
ناخشا بولغان نورۇزدا.
كۆك بۆرىنىڭ ئوشىقى،
تۇمار بولغان ئوغۇلغا.
ناخشا بولغان ئېغىزمان
بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان
يېڭى بوغۇن-بوۋاققا.
ئەسىرلەردىن ئۇزۇلمەي،
سىڭگەن ئۇسسۇل قېنىغا؛
ئوغۇز بوۋام ئۇدۇمى،
تەتەلىگەن ئوماققا.

ئەجدادلارنىڭ تۇيغۇسى،
كەڭرى ئالەم بىپايان.
گويا زېمىن تىترىشى،
يۈرىكىدە ئۇلارنىڭ.
تومۇرىدا گۈلدۈرلەپ.
قاراسلايدۇ زور چېقىن.
ئەنە، كەڭرى كۆك دالا
ئېخ، بىپايان كۆك ئاسمان.
ئۇلۇغ نورۇز تىنىقى،
ئەنە، جۇشقۇن كۆك ئېقىن!

نورۇز يانغىن-لاۋادۇر،
ئەسىرلەردىن ئۆچمىگەن.
ئۇ ئابىدە مەڭگۈلۈك،
يەر تەۋرىسە كۆچمىگەن.
بار يىغىسى بەزىدە،
بىزلەر زادى كۈتمىگەن.
بار كۆلكىسى ئۆمۈربات،
قاق-قاق ئۇرۇپ پۈتمىگەن!

نورۇز ئۆزۈك يېڭىلىق،
سەن يېشىللىق جىلۋىسى.
سەن رىۋايەت بىر گۈزەل،
ئەنئەنىمىز قىبلىسى.
يېڭى بىخلار ھەر جانى،
كۈلدۈرىدۇ غىدىقلاپ.
نورۇز ئاچقان چېچەكلەر،
مەست قىلىپتۇ شامالنى.
پارلار قىياق بەرگىدە
قۇياش چاچقان نۇر-ئاپتاپ.

يېڭى ئەقىل،
يېڭى نۇر،
نورۇز سېنىڭ قۇدرىتىڭ؛
يېڭى سېزىم،

يېڭى كۆچ،
ناخشا تۇغار يۈرەكتە.
يېڭى سۆيگۈ ھېكايەت،
نورۇز ئۆزۈڭ ئەۋلادقا؛
يېڭى ئىقبال،
يېڭى تاڭ،
نورۇز ئۆزۈڭ ئەبەدكە!!!

1994-يىل 21-مارت، چاپچال.



# دوستلىرىم يولەك ئۆرلەشلىرىمدە

ياشلىقىمنى ئارمان ئېتىمەن،
يېگىتلەرگە قاراپ كېتىمەن.
باش باھاردا دېگىنىم راستى.
”كۆزدە چوقۇم خامان ئېتىمەن.“

كۆزدە خامان ئەتتىم ۋە لېكىن،
چەشكە باقتىم، كۆڭلۈم بەك يېرىم.
پۆچەك دانلار ئۆچتى سامانغا،
قالغانلىرى كەتتى ”بورانغا“،
كەتتى زايە ئېھ، تۆككەن تەرىم.

يەڭ شىمايلاپ كەلدىم ھە... بۆگۈن،
قالغان بۆزنى تېرىپ ئالىمەن.
قۆيۆن قۆترىسا پەرۋايىم پەلەك،
ئەندى خامانىنى چەشلەپ ئالىمەن.

سەپداشلارغا مەڭگۈ دىلكەشمەن،
ئۆزغانلارغا چاۋاك چالىمەن.
دوستلىرىم يولەك ئۆرلەشلىرىمدە،
غەلىبە كۈينى بىللە چالىمەن.

# ياشىسۇن ئۇيغۇر نېنى

ياشىسۇن ئۇيغۇر نېنى،
كىشگە خار قىلمايدىغان.
سەپەردە ھەمراھ ھامان،
ھەق ئىمان ئۆلمەيدىغان.

كۆپ ئەجىر سىڭگەن ساڭا،
پىشقىچە تونۇردا ھەم.
سەنسىز ياشىماس ئۇيغۇرۇم،
ئۆزگىچە سەندىكى تەم.

چىشلىسەم لەززەتلىنىپ،
ھەر بۇرداڭ جېنىمغا-جان.
ئۇرغۇيدۇ جاسارىتىم،
سەن مېنىڭ قېنىمغا-قان.

مۇجەسسەم ساڭا بىلسەم،
ئەجدادىم مۇھەببىتى.
جاھانغا تونۇلغان ھەم
سەن بىلەن ئىناۋىتى.

داڭلىسام، داڭلاشقا ھەقسەن،
سەندە جىلغ سەنئەت ئايان
ياشنىتار سېنى ئەبەدكە،
يىمرىلمەس خىسلەت ھامان.

1995-يىل ئۆكتەبىر سۇجۇ-شاڭخەي.



# دوپپامغا سىنىڭ ئىشقىڭ چۈشۈپ قالدى

تەبەسسۇم ئىلكىدە سەن قىيا باقتىڭ،
سەپ سالدىڭ سىياقىمغا قىزىقسىنىپ.
چېھرىمدىن نۇر تۆكۈلسە تۇرۇپ قالدىڭ،
گۈيخۇاغا بولۇپ ھەمراھ چوغدەك يېنىپ!

بېشىمنى شەرەتلىدىڭ لال بولغاندەك،
دوپپامغا سىنىڭ ئىشقىڭ چۈشۈپ قالدى.
مېھمان بول دېمە مېنى يەنە تۇتۇپ،
ئۇزاتقان جىگەرلىرىم كۈتۈپ قالدى.

ياخشى قال سۇجۇ قىزى مۇڭلانمىغىن،
بەي جۈيى ئىلھاملىنىپ شېئىر يازغان.
رەيھانغا تەڭداش بولۇپ چاچقىن پۇراق،
تەڭرىتاغ ئوغلى ئاندىن مېھىر ئالغان.

تەيخۇنىڭ بويلىرىدا قالدى ئىزىم،
ئەسىرلەر چوغدەك يېنىپ ئۆچمەيدىغان.
ئۈچ قىسسە قەلئەسى ھەم شاھىد ئاڭا،
ئەۋلادقا مىراس قىلىپ سۆزلەيدىغان.

1995-يىل ئۆكتەبىر، سۇجۇ.

# يۈرەكلەردە ياندۇ گۈلخان

بىر كۆرۈشۈپ تونۇشتۇق، بەلكى،
ئىككى كۆرۈشسەك بولىمىز توغقان.
كۆڭۈل-كۆڭۈلدىن سۇ ئىچتى كۆلدى،
يۈرەكلەردە ياندۇ گۈلخان.

تاغ ھەققىدە ئېيتتۇق قىسسە،
قامەتىڭگە ھەۋەستە بېقىپ.
چىمەنلەردە ئوينىدۇق بىللە،
چىن دوستلۇقنىڭ مېغىزىن چېقىپ.

باسقان ئىزلار ئۆچمەس ئەبەدىي،
بولۇت سۆيگەن قەدىم تاغدىكى.
چىن دوستلۇقنىڭ سولمايدۇ گۈلى،
ئىزلار چۈشكەن چاھار باغدىكى.

كۆزدىن-كۆزگە كۆچتى ئۆچمەس نۇر،
چىن رىشتىمىز باغلاندى مەھكەم.
قەدەھلەردە لىپمۇلىپ شاراب،
ئاڭا ئارزۇ-تىلەك مۇجەسسەم!

1995-يىل ئاپرېل، چاپچال.

# ئەللەيلىرىڭ ئاق تىلەك

ئۇلۇغ ئېقىن-دەريادەك،
توختىمايدۇ بىر ناخشا.
يەتمەس ئەبەد تەرىپىگە،
دۇر-گۆھەردىن سۆز قاتسا.

ئوتلۇق مېھرى ئېرىتەر،
يەتتە قەۋەت مۇز قاتسا.
سېخىيلىقتا تەڭداشسىز،
پايانى يوق تاڭ ئاتسا!

ئۇنىڭ بەرگەن ئاق سۈتى،
ئابىھايات نەق ئىكەن.
ئەللەيلىرى ئاق تىلەك،
تاڭدەك ئاپئاق پاك ئىكەن!

ئەجرى ئۇچۇن ئۆمرۈمدە،
ئانىجاننى دۈمبەمدە
ھاپاش ئېتىپ مىڭ قېتىم
ئېلىپ بارسام ھەرەمگە،
مېنىڭ ئۇچۇن ھەق ئىكەن!

# خىلۋەت مەھەللىدە يېپيېڭى بىر كۈن

سۈبھى ئاچتى تاڭنىڭ پەردىسىن،
ساھىبجامال قولىدا رومال.
جىلغىلاردىن سۈرۈلدى تۇمان،
مەيىن شامال ئويناپدۇ رويال...

ئىتلار ھۈرۈپ ئويغاندى مەھەللە،
بەرىق ئەتتى يېپيېڭى بىر كۈن.
جۇشقۇن كۈيىنى تىنىمسىز ھايات
باشلىۋەتتى، ياڭرار سادا-ئۈن.

تۇرخۇنلاردىن پۇرقىراپدۇ ئىس،
خامانلاردا چەشلەندى بۇغداي،
كالا مۆرەپ قىيقىتتى موزاي،
كىشنەر تويغان ئات ھەم قۇلۇن-تاي...

خالتا تىكەر پەرىشتە ئانا،
مايلىق توقاچ سېلىپ ئىچىگە.
پىشقان توخۇم، مېغىز ھەم جىگدە،
قويدى يەنە گۇلقاق چېتىگە.

خەتنى يازدى جاپاكەش ئاتا
قاغا پۈتى ئۆمۈچۈك توردەك.
يانچۇقىدىن تۆكۈپ سانايدۇ،
قاداق باسقان قولدا پۇل-پۈچەك...

خەت-خالتىلار ماڭدى ئۇزاققا،
ئانا دالا سېغىنىشىنى ئېلىپ.
كەلدى خەتلەر ئۇچقۇلار مىنىپ،
ئىنتىزارلىق تىلەككە قىنىپ.

ئاتا-ئانا تىلەر ئاق تىلەك،
ئۇنتۇماستىن كېچە-كۈندۈزى.
چەكسىز ئالەم ئىچىدە چاقنار،
ئەبەدىي كۆچمەي ئۈمىد يۇلتۇزى!!!

1995-يىل ئىيۇن، چاپچال.

# مۇساپىسى ئۇزاقتۇر-ئۇزاق

ئوماققىنە ياتىدۇ بوۋاق،
كۆلكە ئوينار زىناقلىرىدا؛
چۈشەكەيدۇ زەپ تاتلىق ئوماق.
ئانا مېھرى تۆكۈلەر ئاڭا،
گويا سېخىي ئېھ قوياش سىياق.
گۈڭگۈرايدۇ بوۋاق قول سوزۇپ،
چايقىلار بۆشۈكىدۇر بىر ئالتۇن قولۋاق.
مەنزىل تامان ئالدى يول يۈكسەك،
مۇساپىسى ئۇزاقتۇر-ئۇزاق.
خىجىللىقتا ئەجدادى ئۇنىڭ،
ئۆز-ئۆزىگە قويىدۇ سوراق.

1995-يىل 25-فېۋرال، چاپچال.

# ئايغا چىققان ئالىمۇ بىشىن ئىگەر ئالدىدا

نۇر ئىشقىغا بېغىشلاپ،
ئۆتەر ۋەسلى بارىنى.
پۈتۈن جىسمى نۇر بولۇپ،
كۆيۈپ تۈگەر ۋە تامام.
مىنىنىتى يوق ئۈن-تىنسىز،
ئۆتەر شۇنداق ھەر زامان.
كۆيەر-كۆيەر شۇ پېتى،
ئادەتتىكى بىر تال شام.

ئۇلۇغ ئۇستاز ئىنساننىڭ،
يالقۇنجايدۇ ۋۇجۇدى.
كۆيۈپ ئۆتەر بىر ئۆمۈر،
ئەۋلاد ئۈچۈن شام كەبى.
ئۇ سىڭدۈرگەن ئەجىرنىڭ،
پايانى يوق، چېكى يوق.
ھايات يۈرگەن ئىنسانغا،
كۆڭلى دەريا ھەم سەبى.

ئايغا چىققان ئالىممۇ،
بىشىن ئىگەر ئالدىدا.
ئاڭا مەنسۇپ-مۇناسىپ،
شان-شەرەپنىڭ تۆرلىرى.
مىليون-مىليون يۈرەكتىن،
چىن تەشەككۈر، ئېھتىرام.
مۇنبەرلەردە ئاڭا خاس.
ئالقىش، ھۆرمەت گۈللىرى.

1996-يىل سېنتەبىر، چاپچال.

# جۇلالىنار ۋىسال جىلۋىسى

مەن دوستۇمغا ئەۋەتتىم ناخشا،
مۇڭلىرىمنى تىڭشاپ تۇرسۇن دەپ.
ئورمانلاردىن پەر قېقىپ ئۆتكەن،
پەرۋازىمنى كۆرۈپ قويسۇن دەپ.

كۆز تاشلىسام جىمىرلار ئەنە،
ئوتقاش رەڭدە تاۋلانغان ئۇپۇق.
ئىنتىزار بوپ كۈتمەكتە بىزنى،
خۇش تەبەسسۇم، غەلىبە-ئۇتۇق.

ئۇنتۇمىدىم دىلكەشىم سېنى،
سەن يۈرىكىم ئاستانىسىدا.
جۇلالىنار ۋىسال جىلۋىسى،
بەختىلىكلەر پېشانىسىدا.

تاڭ ئەلچىسى بىغۇبار سۇبھى،
كۈلدى پارلاپ نۇرانە سەھەر.
قول تۇتۇشتۇق يوللاردا مەھكەم،
بىزگە نېسىپ ئۇتۇقلۇق سەپەر!

1996-يىل 4-ئىيول، چاپچال.

# يۈرىكىمدە سېغىنىش ھەردەم

كېچە-كۈندۈز ئەسلەيمەن سېزنى،
كىرپىكىمدە كۈمۈشتەك شەبنەم.
ئۈيقۈسىراپ چۈشەيمەن ئاتا،
يۈرىكىمدە سېغىنىش ھەردەم.

شەمشار ئىدى قەددىڭىز ئاتا،
قۇياش ئىدى چېھرىڭىز ئاتا.
ئالەم-ئالەم شادلىق بېغىشلاپ،
پارلار ئىدى مېھرىڭىز ئاتا.

ئۆلگە قىلىپ سىزنى مەن ئاتا،
تولۇقلارغا ئات مىنگەنىدىم.
غېرىچ قالماي ئارقىڭىزدىن ھەم،
خامانلاردا تۈنىگەنىدىم.

ئېسىمدە بار ئورغاق تۇتقىنىم،
ئويماق سېلىپ ئورما ئورغىنىم.
ئۇسسۇزلۇق ئالغان قاپاقنى چېقىپ،
جىلى بولۇپ يىغلاپ تۇرغىنىم.

دوراپ سىزنى قېرىنداش تۇتۇپ،
ئۆگەندىم مەن خەت يېزىشنىمۇ.
ئېلىپ سىزدىن گېزىت-كىتابنى،
ھەم ئۆگەندىم خەت ئوقۇشنىمۇ...

قالغان ئىشلار—بولار ئۇزاقتا،
دىلنى سالار بىراق، لەرزىگە.
دال بولالماس ئەپسۇس
بەك ئەپسۇس،
تۆلىگىنىم-ئالغان قەرزگە.

پەرزەنتلەرنىڭ بەختىنى كۆرگىچە،
نەۋرىلەرگە بوۋا بولغىچە.
قېنىپ-قېنىپ مۇڭدىشالمىدۇق.
ئاھ ھەسرىتا!
كۆڭۈل تويغىچە.

مېھرىڭىزگە قېنىپ بولغىچە،
قەددىم سىزدەك شەمشاد بولغىچە.
ئايرىۋەتتى شۇم ئەجەل بىزنى،
سىزگە ھەمدەم يۆلەك بولغىچە.

ئاتا قىلغان سېخىي تەبىئەت،

يەتتە قوشماق ئۆزى جامائەت.
هايات ئاسمىنىدا چاقنايدۇ هەردەم،
ئۇكەر يۇلتۇزدەك ئايرىلماي ئەبەد!

قورۇنمىغاي روهىڭىز ئەسلا،
ئاتا كۆرگەنلەر بۇنىڭغا هەغدا.
چىرىغىڭىزنى ئۆچۈرمەي ئوغلان،
يۇرت ئەهلىنى قىلىدۇ شەيدا!

1996-يىل 27-ئاۋغۇست، چاپچال.



# بىر ناخشام بار مەڭگۈ تۈگىمەس

ئۇلۇغ ئېقىن، ئۇلۇغ دەرىيادەك،
بىر ناخشام بار مەڭگۈ تۈگىمەس.
ئانا مېھرى كائىناتتىن كەڭ،
تەرىپىگە سۆز كانى يەتمەس.

ئانا!
دېدىم چىققاندا تىلىم،
ئانا!
دېدىم يوپ-يورۇق دىلىم.
ئانا!
دېدىم تاپقاندا بىلىم،
ئانا!
دېدىم ئۆركەشلەر قېنىم.

ئىلاھ ئەمەس سەن ئاددىي ئىنسان،
ئاھ، دەپ تىنساڭ تىترەيدۇ زېمىن!
جۇپ بولاقتا باقساڭ پەرزەنتكە،
ئېچىلىدۇ ئەقىل-ئوي، زېھىن.

ئانا!

دېسەم سۆزۈم تۈگىمەس،

ئانا دېگەن تېرىسا ئۈنمەس!

ئانا ئۇلۇغ،

ئانا قەدىردان،

شۇڭلاشقىمۇ ئەبەدىي ئۆلمەس!

1996-يىل ئاپرېل، چاپچال.



# مەردلىكىڭگە ئەل قايىل

—يېتىملارنىڭ ساخاۋەتچىسى نۇرتاي ھاجىمغا
ئالىي ھۆرمەت بىلەن بېغىشلايمەن

بېشىمىزدا بىر سېنى،
ئەرزىيدىغۇ كۆتۈرسەك.
قۇياش تۇغقان ئوغلانسەن،
نۇر ئىشىقىدا سۆيۈنگەن.
چىرىغىنى ياندۇردۇڭ،
چىرىغى ئۆچكەن يېتىمنىڭ؛
مەردلىكىڭگە ئەل قايىل،
ئەۋلادىڭغا كۆيۈنگەن.

كۆزلىگىنىڭ مىللەتنىڭ،
يىراق، نۇرلۇق كەلگۈسى.
يۈرىكىڭدە لاۋۇلدار،
ۋىجدان،
بۇرچ،
ئادالەت.

ئاتىسىزغا ھەم ئاتا،
چاڭقىغانغا بولاقسەن.
يوكسەك غايە،
ئەقىدە،
تىلىكىڭدە ئىجابەت.

ئۇلۇغ ئانا ئىزىنى،
باسقان سېخىي ئوغلانسەن.
ئىقباللارغا ئات سالغان،
نۇر ئوغلىسەن مەردانە.
خەير-ئېھسان ياغدۇردۇڭ،
يېتىملارغا قوت توكۇپ،
ئۇلار چىقتى ئىستىقبال
كېمىسگە ھە... ئەنە!

سەن خەجلىگەن پول ئەمەس،
بىز ماختىغان سەندىكى.
گوزەل ئەخلاق،
پەزىلەت،
ئالىيجاناپ پاك خىسلەت!
سەن ئالقىشقا بولەندىڭ،
خەلقىڭ سويدى،
يورت كولدى.
ۋوجۇدۇڭدا جوش ئورغان،

ئادىمىيلىك دىيانەت!

قۇياش ئانالىق يۈلەكتۇر،
ھالال جۇپتۇڭ پىداكار.
مەرىپەتنىڭ بېغىغا،
مۇھەببەتتىن رەڭ بەردىڭ.
گۈزەل ئارمان،
كېلەچەك،
ئىشقى ياندى قېنىڭدا،
سەبىيلەرنىڭ دىلىغا،
قوچاق-قوچاق
گۈل تەردىڭ!

مىليون دىلدا دائىما
سەن ياشايسەن يادلىنىپ.
ھەربىر تىرىك سەبىيگە،
ئاتىغاچقا مۇھەببەت.
ئەللىيدە زېمىننىڭ،
تاڭ ناخشىسى ياراتتىڭ،
ئانا ئىلى دەرياسى،
شۇ ناخشاڭغا جور ئەبەد!

1997-يىل يانۋار، چاپچال.

# دەپ

شۇڭغۇدۇم چەكسىز دېڭىزغا دۇر-گۆھەرلەر تاپاي دەپ،
مېھنىتىمدىن ئېلىمگە تامچە-قەترە قاتاي دەپ.

كارۋان تارتسا دوستلىرىم ئۇزاق، مۇشكۇل سەپەرگە،
بولالمىسام گەر ئىچ ئات، يانداق بولۇپ تارتاي دەپ.

كۆرەلمەس ھەم ھەسەتخۇر يول تورايدۇ ماڭدامدا،
مىلتىق ئالدىم بوۋامدەك چەنلەپ تۇرۇپ ئاتاي دەپ.

دېھقىنىم بار چىداملىق ئېتىزلارغا گۇل باسقان،
مەنمۇ ئاڭا ھەمنەپەس بىرەر كەتمەن چاپاي دەپ.

خۇراپاتلىق، نادانلىق چىرمىمىسۇن تور تارتىپ،
روجەكلەردە نۇر بولۇپ، كۆزنەكلەرنى ئاچاي دەپ.

بوغۇنلارنى ياشناتقان باغۋەنلەرگە ئاپىرىن!
ئالقىشلاردىن زەرباپ تون تارتۇق قىلىپ ياپاي دەپ.

ياخشىلىقنى قوغدىماق پەرز ئاقىل ئىنسانغا،
رەزىللىكنىڭ يىلتىزىن قەھرىم بىلەن چاپاي دەپ!

هايات شۇنداق ئۇزاق يول، مەنزىللىرى كۆرۈنمەس،
شۇ مەنزىلدە چارچىماس تۇلپار بولۇپ چاپاي دەپ.

ئانا خەلقىم جان كۆيەر ماڭا قۇياش مەڭگۈگە،
شۇ ۋەجىدىن مەن ئەبەد گۈلخان بولۇپ ياناي دەپ!

1997-يىل يانۋار، چاپچال.



# دېھقان

تاڭ سەھەردە تورغاي سىنىڭ سىردىشىڭ،
تاڭ شاملى چېھرىڭ سۆيگەن قولدىشىڭ.
ئەگىم ئاينى سوللىرىڭدا سويلاتساڭ،
كەتمەن قۇياش قوللىرىڭدا يولدىشىڭ.

خىزىر كەبى خىسلىتىڭنى نېمە دەي! ؟
تەرپىڭدىن سانسىز قامۇس توشار ھەم.
مەرمەر داننى چەشلەپ
تاغ قىلساڭ،
ئايدىڭلاردا ناخشاڭ كۆكنى قۇچار ھەم.

بېسىلىدۇ ئېتىزلارغا گۈل ئەنداز،
ئىشتا پىشقان ئالقىنىڭنى ھەر ئاچساڭ.
سىنىڭ كۆڭلۈڭ دەريا كۆڭۈل كەڭلىكتە،
كۆزلىرىڭدە سەمىمىيلىك ھەر باقساڭ.

ئانا زېمىن ساڭا يۈلەك-مەدەتكار،
رىشتىڭ ئاڭا چىڭ چىگىلگەن بىر تۇتاش.
مىڭ ھاتەمدۇ سۇ قۇيالماس ئالدىڭدا،
سەن ئايازدا كۈلۈپ باققان بىر قۇياش!

# ئانا يۇرتۇم، ئالتۇن بۆشۈكۈم

مېنىڭ يۇرتۇم تاغنىڭ باغرىدا،
كەڭرى قوينى ئالتۇن بۆشۈكۈم.
ئابىھايات زۇمرەت سۇلىرى،
چىمەنلىرى مەخمەل چۈشىكىم.

تارام-تارام كەتكەن يوللىرى،
تومۇر كەبى زېمىنغا تۇتاش.
ئېلىپ بارار چوققىلارغا ھەم.
ئېتىزلارغا شەپەققە ئوخشاش.

ھايات قايناق يايلاقلىرىدا،
قىمىز-قايمىقى كۆۋەجەپ تۇرغان.
ناخشا ياڭرار گۈلباغلىرىدا،
ئىپار ھىدى دىماغقا ئۇرغان.

ئاھۇ كۆزلۈك بۇلاقلىرى بار،
مەجنۇنتاللار سايە تاشلىغان.
پىچىرلايدۇ بۇلاق سۇلىرى،
سۇمبۇل چاچلىق قىزلار ئوينىغان.

شۇنداق ئىللىق يېزامنىڭ قوينى،
بەختلىك بول دەپ چىڭ باغاشلىغان.
يوللار ئالسام ئۇزاق مەنزىلگە،
ئاق يول تىلەپ كۆزىنى ياشلىغان.

سۆيۈمەن مەن ئانا يېزامنى،
كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن جاي ئۇ.
غۇرۇرۇمدۇر شۇ ئېسىل ماكان،
قەلبىم كۆكىدە بىر تولۇن ئاي ئۇ.

جاغىستاي دەيدۇ ئاشۇ يۇرتنى دەل،
كېلىپ كۆرگەنلەر ماختاپ كېتىدۇ.
مېھماندوستلۇقتا ئۇلگىدۇر ئەلگە،
بېشىم گوياكى كۆككە يېتىدۇ.

1997-يىل دېكابىر، چاپچال.



# باللار كۆڭلى غۇبارسىز تاڭدەك

ئاق مامۇقا پۇركەندى ئەتراپ،
جىلۋىلىنەر كەڭرى داللار.
تايغانلىرى كەينىدىن يۈگرەپ،
توشقان قوغلاپ يۈرەر باللار.
بەزەن خۇشال، بەزەن تەشۋىشتە،
قالدى قاراپ ئەزىز ئانىلار...

تەشۋىشلەنمەڭ ئەزىز ئانىلار،
يايرىۋالسۇن ئوماق باللار.
گۈزەل سۈرەت يۈرەكلىرىدە،
ئۇچۇپ كەتتى ئەنە چانىلار...
باللار كۆڭلى غۇبارسىز تاڭدەك،
ئاپئاق قاردىن ئاق ئۆرنەك ئېلىپ.
سۈرەن سالار ئۇلار خۇشلۇقتا،
ئارمانلارنى تۇلپار قىپ مىنىپ!

1997-يىل ئىيۇن، چاپچال.

# سەن يېزىلدىڭ تارىخ بېتىگە

—بوشلۇق شاھى ئادىل ھوشۇرغا بېغىشلايمەن

تەڭرىتاغنىڭ ئوغلىسەن،
بىزنىڭ غۇرۇر-پەخرىمىز.
ئەجدادىڭنىڭ قېنى بار،
ۋۇجۇدۇڭدا جۇش ئۇرغان.
"بوشلۇق شاھى" ئاتالدىڭ،
مۇئەللەقتە تاڭ سەھەر،
خالايىقنى تاڭ قىلىپ،
كۆڭۈللەرنى تولدۇرغان.

لەۋزى قىلدىڭ ئوغۇلدەك،
ئادا قىلدىڭ لەۋزىڭنى.
چىمەن دوپپاڭ بېشىڭدا،
زەر جۇلالىق نىشانەڭ.
ئاتا-ئاناڭ روھى ھەم،
بولدى قولداش خەيرلىك؛
يالىلدىدى يۇلتۇزدەك،

ئاناڭ سۆيگەن پېشانەڭ.

كۆتۈپ ئالدى ئەرشىنىڭ،
ساھىبجامال ھۆرلىرى؛
ئۇيغۇر ئوغلى ئادىلجان،
ساڭا شەيدا بېقىشىپ.
چاۋاك چالدى دولقۇنلار،
بارىكاللا! دېگەندەك.
چوققىلارمۇ ھۆرمەتتە،
قىلدى سالام ئېگىشىپ.

ئاتا مىراس ھۈنەرنى،
سەن يەتكۈزدۈڭ ۋايىغا.
ساڭا ئالقىش ياڭراتتى،
چاڭجياڭ،
ئىلى،
زەرەپشان.
ھېسسىيات دېگەن شۇنداقكەن،
خۇشاللىقتىن ياش تۆكتۇق،
تومۇرلاردا ھۇررالار،
ياساپ ئۆركەش زور قىيان...!

1997-يىل ئاۋغۇست، چاپچال.

# يۈرەكلەردە نورۇز شادلىقى

كەلدىڭ كۈلۈپ ئېھ، ئۇلۇغ نورۇز،
ئانا دالا ئېتەكلىرىدە.
جىلغىلىرىڭ لال قىلار دىلنى،
سېرىن گۈللەر چېچەكلىرىدە.

كۆيلىرىڭ بار ئېھ، نورۇز سېنىڭ،
ئوخچۇپ ئاققان ئەگىز سۇيىدە.
سېنىڭ ناخشاڭ تەڭكەش، يېقىملىق
قوي-قوزىلار جۇشقۇن ئۈنىدە.

سېنىڭ ھىدىڭ گۈپۈلدەپ تۇرار،
يالپۇزلارنىڭ قولاقلىرىدا.
ناخشاڭ ياڭراق ئەنە،
ئاڭلىسام.
قارغۇجىلار قوشاقلىرىدا.

ئېتىزلاردا ياپ-يېشىل مايسا،
قۇياش كۈلەر بەرگلىرىدە.
قىزىپ كەتتى تۇلپار تۇيىقى،

يۈكسىلىشلەر بەيگىلىرىدە.

كەڭرى ئۇپۇق ئوتقاشتەك ئەنە،
تاۋلىنىدۇ رەڭدار يېقىملىق.
يۈرەكلەردە نورۇز شادلىقى،
كۆلكىلەرمۇ ياڭراق رىتىملىق.

مەيىن ئېسەر شوخ شامالىلىرىڭ،
قۇلاقلارغا سۆيۈپ پىچىرلاپ.
ۋۇجۇدلاردا يېڭىچە ئىستەك،
يۈرەك قۇرغۇر تىنماس تىپىرلاپ!

ئىنتىزارلىق ئىلكىدە سۇبھى،
قۇچاقلايدۇ تاڭنى باغاشلاپ.
باھار ئوغلى يەنە مەردانە،
ئارمانلارنى ئالدى ھاپاشلاپ!

1998-يىل مارت، چاپچال.

# تىرىك ۋۇجۇد، ئويغاق روھ
# تەلپۈنۈشلەر ئىلكىدە

سىڭدىم شۇ تاپ زەر بولۇپ،
ئارمانلارنىڭ قوينىغا.
ئاي ئوينايدۇ سامادا.
يۇلتۇزلارنى كۈلدۈرۈپ،
ياخشى خىسلەت ئەزەلدىن،
ياخشىلارنى ئۇلۇغلاش؛
يۈرەكلەردە ساپ سۆيگۈ،
گۈللەرنى ئۈندۈرۈپ.

تەبىئەتنىڭ تەڭداشسىز،
مېۋىسىدۇر ئادەملەر.
سۆيۈش كېرەك شۇڭلاشقا،
باغلاپ ئاڭا مۇھەببەت.
قەدىردانلار قەدىرلىك،
بىشارىتى تۈمەن خىل.
بۇ ھاياتلىق سەتھىدە،
سۆيۈندۇ دىل ئەبەد.

ئۆمىد بىلەن ئىنتىلىش،
قانىتىدۇر ئۆرلەشنىڭ.
تاتلىق تىلەك، ساپ ھېسلار،
چىن ئىنساني يۈرەكتە.
يۈكسەكلىكنى ئۇلۇغلاپ،
ئاشىق بولغان مىليونلار؛
كەڭ سەھنىدۇر بۇ ھايات،
ئەنە ھەممە كۆرەكتە!

پاك تۇغۇلدۇق ھەممىمىز،
پاك كېتەمدۇق بىلمەيمىز.
ئىنسان شۇنداق مېھماندۇر،
ھايات ئاتلىق ئۆتەڭدە.
ئۆمۈر گۈلى سولمايدۇ،
پەرۋىش تاپسا سەرۋىدەك.
گىرە سېلىپ بويىنىغا،
قۇياش كۈلۈپ سۆيگەندە.

ئالەم سىرلىق بىپايان،
قىسمەتلىرى ئاجايىپ.
سانسىز سوئال ئالدىڭدا،
ھەر قەدەمدە ئىمتىھان.
ئۇزاقلاردا ساھىللار،
چىدام بىلەن نەتىجە؛

نىسىپ بولار ھەرقاچان،
ھەممىمىزگە قۇت-ئىھسان.

نادانلىق ھەم خۇراپات،
دۇشمىنىدۇر ئىنسانىڭ.
مەرىپەتتۇر چىرىغى،
يالىلدايدۇ روجەكلەر.
قاشقالىقنى يولاتما،
بوسۇغاڭغا ھېچقاچان؛
ئەلەم چېكىپ ھەسرەتتە،
كۆيمىگەي دىل-يۈرەكلەر.

تىرىك ۋۇجۇد، ئويغاق روھ،
تەلپۈنۈشلەر ئىلكىدە؛
سۆيۈندۈرەر ئۈمىدنى،
ۋىساللارغا يېتەكلەپ.
سەن ئۆزۈڭنى سۆيسەڭلا،
سۆيەلەيسەن باشقىنى؛
كەڭ ئۇپۇقتا چاقنايدۇ،
ئىستىقباللار چېچەكلەپ!

1998-يىل ئاۋغۇست، چاپچال.

# ئانا خەلقىم سۆيمىسە

ئانا خەلقىم سۆيمىسە تاپماس ھېچكىم ئىناۋەت،
ئەلنىڭ ئوغلى ئەبەدىي ئەلگە قىلماس خىيانەت.

پەرھات كەبى تاغ چاپساڭ شىرىن خۇشتار بىر ساڭا،
ۋۇجۇدۇڭدا ئۇرغۇيدۇ پۈتمەس غەيرەت-شىجائەت.

چۆللەرگە سۇ باشلىساڭ يۇلغۇن، توغراق شاد كۈلەر،
كەڭ ئۇپۇقتا نامايان چارباغدەك قىياپەت.

روناق تاپار تەر تۆكۈپ ھالال ئىشلەپ ھارمىغان،
"چاشقان" بولساڭ تام تەشكەن مىڭ-مىڭ ئۆلۈم، جىنايەت.

ئىلىم پەندىن شان قۇچۇپ مارسلارغا يول ئالساڭ،
ۋىسال تاپار ئىستىكىڭ ھۆر قىزلارغا ئامانەت.

ئۇپۇقلاردا قىزارغان شەپەقلەردە خىجىللىق،
ئەلنى دېگەن تىلىكىڭ بولماي قالسا ئىجابەت.

ئاي توسۇيدۇ يۇزىنى يۇلتۇز كۆيەر ۋىلىلداپ،
ئەل ئىشىدا تاپمساڭ ياخشى خىسلەت، دىيانەت.

كۆيۈپ ۋەتەن، ئەل ئۇچۇن تۆكۈپ مەڭگۈ كۈمۈش تەر،
باغ ياسىسام ئەۋلادقا شاد ئۆتەرمەن داۋامەت.

2000-يىل ئىيۇل، چاپچال.



# ئىپتىخارىم سەن مېنىڭ

تەپەككۇرۇم كۆزىدە
شەپقىتىڭدۇر جان ئاتا،
مەن دۇنياغا كۆز ئاچسام،
شادلاندىڭسەن جان ئاتا.
جىلۋىگەردۇر قۇياشتىن
چىرايىڭ ھەم زىيادە،
قامىتىڭكى كۆكلەرگە
تاقاشقانتى جان ئاتا.

مەن تۇغۇلسام سەن گويا،
يەنە قايتا تۇغۇلغان.
ئاشۇ دەمدە يۈرىكىڭ،
كەتكەن خۇشال تىپىچەكلەپ.
يالقۇنلىغان مېھىردە،
ھەم سىلىغان بېشىمنى،
ۋۇجۇدۇڭدا ھاياجان،
ئارمانلىرىڭ چېچەكلەپ.

تاپىنىمغا مۇبارەك،

لەۋلىرىڭدە سەن سۆيدۈڭ.
مەن ئارقاڭدىن ئەگەشسەم،
ئېلىپ ماڭدىڭ يېتەكلەپ.
يايراپ كەتتى تەنلىرىڭ
ئېرىپ گويا سىمابتەك،
ۋۇجۇدۇڭدا بىر لەرزە
تۆكۈلگەندە ئېتەكلەپ.

سېنىڭ ئالتۇن قۇچىقىڭ
مەن بېشىمنى قويغۇنۇم،
مېنىڭ ئۇچۇن كۆتۈردۈڭ
مۇشكۇللەرنى يەلكەڭدە.
سۇمباتىمنى، بەختىمنى
كېچە-كۈندۈز تىلىدىڭ،
مېنىڭ قەدرىم شەمشادتەك.
سەن قەددىڭنى ئەگكەندە.

سېنىڭ مېھرىڭ قۇرىماس
بۇلىقىدۇر شەپقەتنىڭ،
ئوتلۇق ئېقىم جۇش ئۇرغان
يۈرىكىڭدىن ۋۇلقاندەك.
بالام!
دېسەڭ ھەر قېتىم
سۆيۈنەتتىم ئالەمچە،

شۇ دەقىقە مېنىڭكى
قۇتلۇق تويۇم بولغاندەك.

كىچىكلىكتە قەدرىڭنى
بىلمەپتىمەن ئويلىسام،
نادانلىقكەن سەۋەبى
تاپتىم ئاڭا مەن جاۋاب.
ئەمدى ئاڭا يوق پۇرسەت
پۇشايمانغا قاچا يوق،
ئۆتەي ئەھدىم جان ئاتا
ئۈمىدىڭنى مەن ئاقلاپ.

قويۇپ بەردىڭ ئەركىمگە،
يولنى ئۆزۈڭ تاللا دەپ.
پەرۋاز قىلسام شۇڭقاردەك
كۆككە يەتكەن بېشىڭمۇ.
ھەر ئۆرلىشىم سەن ئۈچۈن
بولغاندى بىر بايرام،
بال تېتىغان مەن ئۈچۈن
ئىچكەن ئۇماچ ئېشىڭمۇ.

ئاپئاق لەزىز شەربەتكە
تولغان ئىللىق قەلبىڭنى،
شىسكەتلىدىم قانچە رەت

ئېسىت، بۇنى بىلمەيمەن! ؟
مەدەتكارىم ئاتىجان
يارقىن قامەت نۇر سىما،
پاسىبانىم، باغۋىنىم
دائىم سېنى ئەسلەيمەن.

تەلپۈنىمەن دائىما
ئىنتىزارلىق ئىلكىدە،
خىزىر سۈپەت نۇرانە
دىدارىڭنى كۆرسەم دەپ.
تاڭلار بىدار تەلمۈرۈپ،
كۆزلىرىمدە دۇردانە
يۈزلىرىڭگە سۈرسەم دەپ.

تارام-تارام ياشلىرىم
تۆكۈلىدۇ يامغۇردەك،
ئاتىجانىم مۇقەددەس
غېرىپ قەبرەڭ قۇچاقلاپ.
شىۋاقلاردىن كۆمۈشرەڭ
تونۇش ھىدىڭ پۇرىسام،
گويا سېنى كۆرگەندەك
كېتەر يۈرەك ئويناقلاپ.

ئاتا جانىم كەچۈرگىن،

بەڭۋاشلىقتا مىڭ لەنەت؛
ئۇنتۇمايمەن ساۋاقنى
دىلدا مەڭگۈ ساقلايمەن
ئىپتىخارىم سەن مېنىڭ
دىل تەختىمدە شاھانە،
قورۇنمىغاي روھىڭ ھېچ
ئۇمىدىڭنى ئاقلايمەن!

1999-يىل يانۋار، چاپچال.



# ئادەملەر

ئۈنتۈمىغىن، كىيىنكى
كۆنلىرىڭ بار ئادەملەر،
ئۈنتۈمىغىن، ۋەدىلىك،
سۆزلىرىڭ بار ئادەملەر.
ھوسۇل ئالدىم دەپ خۇشال
بولما ئۇنچە ئالدىراپ،
تېخى تېرىپ بولمىغان
بوزلىرىڭ بار ئادەملەر.

ئالەم دېگەن بەك چەكسىز،
ئۆمۈر دېگەن بەك قىسقا؛
ئۈنتۈمىغىن،
قىش ھەم ياز،
كۈزلىرىڭ بار ئادەملەر.
بىز ياشايمىز ئۈمىدتە
بەخت، ئارزۇ، ۋىسال دەپ،
ئۈنتۈمىغىن ئوغۇل ھەم
قىزلىرىڭ بار ئادەملەر.

بۇ ئالەمدە ياشايمىز
نېمە ئۈچۈن، نېمە دەپ؟
بۇ سوئالغا جاۋابنى
تاپقان ياخشى ئادەملەر.
قاقشاپ قالغان ئۇياتقۇ
ئۆتكەن كۈنگە پۇشمان يەپ،
شۇڭا بۇگۈن غەنىمەت
بىلگەن ياخشى ئادەملەر.

بىر كۈن هايات ياشىساڭ،
پاك ياشىغان بەك ئەۋزەل.
ئەل قارغىشىن ئالمىغان
ئەر كۆكۈرەر ئادەملەر.
ۋىجدان سوتى ئالدىدا
بېشىڭ چۈشمەي تىك تۇرساڭ،
ئەزىز بىلىپ بېشىدا
ئەل كۆتۈرەر ئادەملەر.

سىرلىرى كۆپ هاياتنىڭ
ئالىملارمۇ يەشمىگەن،
قېنى، شۇنى يېشىپباق
ئاقىل بولۇپ ئادەملەر.
ساهىللىرى كۆرۈنمەس
مەنزىللەرنىڭ چېكى يوق،

چوقىلارغا ئىز سالغىن
قابىل بولۇپ ئادەملەر.

قولۇڭ بەرگىن مەردانە،
داۋانلاردا ھالسىزغا.
مىسكىنلەرگە بول يۆلەك
ھەر تاماندا ئادەملەر.
ھەسەتلەرگە ئوت قويغىن
كۆيۈپ كەتسۇن كۇل بولۇپ،
ئاندىن يايراپ ياشايمىز،
بۇ دۇنيادا ئادەملەر.

قولنى-قولغا تۇتۇشساق،
ئېقىتالماس توپان سۇ؛
ئىناقلىقتا كۆكلەيمىز،
سۇرۇپ دەۋران ئادەملەر.
شۇنداق گۈزەل ئەتىمىز
ئىقبال سۆيۈپ يۈز ئاچقاي،
شۇ ئەتىنىڭ پەيزىنى
تەڭ سۇرەيلى ئادەملەر!

1998-يىل 31-ئىيۇل، چاپچال.

# ئانا زېمىن يىلتىزىڭ

يوللىرىڭغا گۈل چاچار،
سۈبھى قىزى ھۆرمەتتە.
سەن كۆرۈنسەڭ نۇر بولۇپ،
مايسىلارنىڭ بەرگىدە.
باھادىرسەن چىداملىق،
ۋۇجۇدۇڭغا كۈچ تولغان،
ئېتىزلىرىڭ گۈللەپتۇ،
گويا شەپەق رەڭگىدە.

ياخشىلىققا جورۇيسەن،
تالاي ئېغىر ئىشلارنى،
ھايات-تۇرمۇش سۈرىتى،
ئەكس ئېتەر كۆزۈڭدە.
زارلىمايسەن قىلچىمۇ،
تومۇزلاردا، ئايازدا.
سەمىمىيلىك، ھالاللىق،
ئىش-ھەرىكىتىڭ، سۆزۈڭدە.

بوران-يامغۇر شاھىدى

سەن تارتقان جاپالارنىڭ،
زېمىن ئانا سۆيۈنەر
سەن تۆككەن كۈمۈش تەردىن.
قەددىڭ قانچە ئېگىلدى
ئوڭ-تەتۈر خاتالاردىن،
ۋايسىماي چىداپ ئىشلەپ
ھوسۇل ئالدىڭ قوڭۇر يەردىن.

ھەر كۈنى قۇش ھومايۇن
كېلىپ قونسۇن بېشىڭغا،
ھاتەمنىڭ قىزى سۆيسۇن،
دېھقىنىم پېشانەڭگە!
ئانا زېمىن يىلتىزىڭ
يىقىلماس سەن، چىنارسەن،
ھالاللىقىڭ قامۇستۇر،
ئېتىقاد نىشانەڭگە. !

2000-يىل 1-ماي، چاپچال.

# سۆيگۈ مەنسۇپ ئىككىمىزگىلا

پىسىڭگىدە كۈلدۈڭ جىلمىيىپ،
بىر دەستە گۈل شۇ دەم زىننىقىڭ.
ۋۇجۇدۇمنى قىلدى سىمابتەك،
ئىپار ھىدلىق ئوتلۇق تىنىقىڭ.

چۈشلىرىمدە كۆرۈمەن سىنى.
جۈپ قولۇڭدا مەن بەرگەن گۈلۈڭ.
كۆزلىرىڭدىن كۆردۈم ئۆزۈمنى،
قۇلىقىمدا سىنىڭلا ئۈنۈڭ.

ھىجران بىزنى ئايرىلالمىدى،
ۋىسال دائىم بولغاچقا قولداش.
سۆيگۈ مەنسۇپ ئىككىمىزگىلا،
ئىشەنچ، ۋاپا ئۆمۈرلۈك يولداش.

2000-يىل 1-ماي، چاپچال.

# تولۇن ئايغا ئېيتتىم سىرىمنى

سېنىڭ كوچاڭنى نىشانلاپ نىگار،
توختىماستىن مېڭىپ كېلىمەن.
ئۆتالىسام كۆڭلۈڭنى سېنىڭ،
يۈرىكىم تۇتۇپ قېنىپ كۈلىمەن.

گۈل ئورنىدا يۈرىكىمنى بىل،
ئىككى قوللاپ ئۇزاتتىم ساڭا.
تولۇن ئايغا ئېيتتىم سىرىمنى،
راستلىقىغا يۇلتۇزلار گۇۋاھ!

2000-يىل ماي، چاپچال.



# سەن مېنى ئۇچۇرغان ئېھ ئالتۇن ئۇۋا

ھەر كەلسەم باقمەن ھۆسنۈڭگە يۇرتۇم،
بارچىنى لال قىلىپ مەھلىيا ئەتكەن.
ئەجدادىم ئىزلىرى سەندە نامايان،
بوز ئېچىپ،
يول ئېچىپ ئۆچمەس گۈل چەككەن.

قارىسام،
سېنىڭدە بوۋام ماڭغان يول،
ئۇزاقتا مەشئەلدەك تۇرار نۇر چېچىپ.
كېلىمىز شۇ يولدا مەن ھەمدە ئوغلۇم. . .
ئىز بېسىپ ھاياتقا يېڭى بەت ئېچىپ.

سېنىڭدە مومامنىڭ،
ئانامنىڭ يەنە،
ئۇنى بار بەك مۇڭلۇق ئەللەيلەر ئەتكەن.
ناخشىغا ھېرىسمەن بولغىنىم شۇندىن،
مۇڭ تىڭشاپ يۈرەكنىڭ تارىنى چەككەن.

ئېھ، يۇرتۇم سەن ئۆزۈڭ ھېكمەت ماكانى،

سېنىڭدە يۈز ئاچقان ۋىسال، مۇھەببەت.
سىرلىرى كۆپ ئىكەن بىلسەم ھاياتنىڭ،
يېشىشكە بەل باغلاپ ئۆتۈمەن ئەبەد.

باتۇرلۇق ھەققىدە تالاي قىسسەلەر
ئاڭلىدىم ھەم سەندە تونۇر بېشىدا.
سىنىدىم ئۆزۈمنىڭ باتۇرلۇقۇمنى،
بىر كېچە تۈنەپ ھەم قەبرە قېشىدا.

سېنىڭدە ئۆگەندىم كەتمەن چېپىشنى،
چام ئېلىپ ۋايىسماي راسا گۈپۈلدەپ.
تاۋلىدى يەلكەمنى مەزمۇت، زەپەردەست،
تومۇزلار گولخاندەك يېنىپ ھۆپۈلدەپ.

ئوغلۇڭنى ئۆگەتتىڭ ھالال ياشاشقا،
تاڭلاردەك پاك، سۆزۈك ئوغوز سۈت بېرىپ.
كۆكلەرگە ئۆرلىگەن پەرۋازلىرىمغا،
ئالەمچە مېھرىدە مەدەت-كۈچ بېرىپ.

ئات سالدىڭ يېڭى ئەسىر بەيگىلىرىگە،
قاشقالىق سەن ئۈچۈن قالسۇن چۈش بولۇپ.
شان-زەپەر سەھنىسى كۈتمەكتە سېنى،
ئىلىم-پەن ئۆرلەشكە پۈتمەس كۈچ بولۇپ.

ئانامسەن، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ساڭا،
سەن مېنى ئۇچۇرغان ئېھ، ئالتۇن ئۇۋا.
ئۈزۈلمەس يۈرىكىم رىشتى سەندىن،
ئەھدىمگە
كۆكتىكى ئاي،
قۇياش گۇۋاھ!

2000-يىل 1-يانۋار، چاپچال.



# يىللار ئىشقى ئۇلۇغ كۈي

دوستلار سىزگە مۇبارەك،
يېڭى يىلدا يېڭىچە.
بۈگۈن قۇتلۇق يېڭى كۈن،
چېچەك ئاتتى تىلەكلەر.
ئەسكە ئالدىم ياشلىقنى
قىيالماستىن يېنىشلاپ،
كۆزلىرىمگە ياش كەلدى،
ھاياجاندا يۈرەكلەر.

ھايات گۈزەل سۆيۈملۈك،
تاڭلىرىدا يىللارنىڭ.
ئاق ماموقتەك ئاپئاق قار
دالىلاردا يالتىرار.
ئارزۇلارنى ئەللەيلەپ
ئۈمىدلەرنىڭ بۆشۈكى،
سۆيگۈ، ۋىسال بابىدا
مەڭگۈ سولماس گۈل ئاچار.

يېڭى يىلدا قۇچاقلاپ،
ياخشى تىلەك بارچىنى،
كۆرۈڭ، دوستلار چېھرىدە
پارلاپ تۇرار نۇر ئاپتاپ.
چىداملىقلار ياشايدۇ،
مەڭدىمەستىن يول ئېچىپ،
تۇرماس بەخت يۇلتۇزى
ھورۇنلارنى ھەم ساقلاپ.

ھەممىمىزگە قەدىرلىك
قۇتلۇق ناخشا يېڭى يىل،
يېڭى تۇيغۇ، يېڭى ھېس
ئۇرغۇپ تۇرار قانلاردا.
يىللار ئىشقى ئۈزۈلمەس،
ياڭراپ تۇرار جاراڭلاپ.
ئۇلۇغ ئېقىن كۈي بولۇپ
ئېتىز، زاۋۇت، كانلاردا.

تۇغۇلىمىز گوياكى
بۇ دۇنياغا باشقىدىن،
يېڭى روھتا كۈچلۈنۈپ
يېڭى يىلدا پاكلىنىپ.
بەيگىلەرگە چۈشىمىز،
تۇلپارلارنى ئىگەرلەپ.

ئۇزاق، مۇشكۇل سەپەرگە
شىجائەتتە ئاتلىنىپ.

دوستلار سىزگە مۇبارەك،
يېڭى يىلدا يېڭىچە.
بۈگۈن قۇتلۇق يېڭى كۈن،
چېچەك ئاتتى تىلەكلەر.
ئىجاد بىلەن ياشنايدۇ،
ئىنسان قەدرى ئەبەدىي،
تاقاپ يىللار كۆكسىگە،
ئۆچمەس رەڭدار بېزەكلەر!

1999-يىل يانۋار، چاپچال.



# خەلق سۆيگەن شائىر سىز
# ئىزىڭىزدىن گۈل ئۈنگەن

## —شائىر مۇھەممەتجان ئەسەرلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا بېغىشلايمەن

ئوغلانسىز سۆيۈملۈك
ئابرال ئارقار،[①] دىلمۇكنىڭ[②]
ئۇستازىمسىز قەدىرلىك،
سىزگە ھۆرمەت ئەسسالام!
خەلق سۆيگەن شائىرسىز،
ئىزىڭىزدىن گۈل ئۈنگەن.
قوبۇل قىلىڭ، يۈرەكتىن
سىزگە ئالىي ئېھتىرام!

ۋۇجۇدىڭىز بىر ئاتەش،
شېئىر ئۇچۇن يارالغان.
سۆھبەتلەرنىڭ بېشى سىز،

---

① ئابرال، ئارقار، دىلمۇك—غولجا ناھىيىسى، چاپچال ناھىيىسى تەۋەسىدىكى تاغلار.

تالاي-تالاي ئۆيلەردە.
بىزگە ئۇلگە سىز ئېيتقان
ناخشىلارمۇ ھەر ئەسنا.
بۇلبۇللارمۇ مەھلىيا،
سىز كۈيلىگەن كۈيلەرگە.

قايناپ تۇرار سىز يازغان،
شىئېرلاردىن مۇھەببەت.
ئەمگەكچىگە، ھاياتقا،
بېغىشلانغان-ئاتالغان.
ھالال ئەجىر ساپ مېھنەت،
سىزگە بەردى شەرەپ-شان،
خەلق سۆيگەن ئۇچ شائىر
شۇنىڭ بىرى سانالغان.

تاغ سۇلىرى ئويناقلاپ،
چالار چاۋاك شادلىنىپ؛
كۆرسە سىزنى ھەر دائىم،
شائىرىمىز كەلدى دەپ.
ئورمانلارمۇ بىر پەس جىم
تۇرۇپ قالار شۇ مىنۇت،
ئاتەش يۈرەك شائىرىم
قولغا قەلەم ئالدى دەپ.

«كاككۆك گۈلى» ئېچىلدى
ساداقەتلىك پەرۋىشتە.
كارتېنىسى هاياتنىڭ
«يىللار ئىزى» سىز يازغان.
قۇتلۇق «كۈنلەر ئەلبۇمى»
كەچمىشلەرنى سۆزلەيدۇ،
سۆز كانىدىن ئۈگۈتتەك،
جاۋاھىرلار سىز قازغان.

دېھقانغا چىن سىرداشسىز،
مۇڭلىرىغا مۇڭداشسىز.
قوغۇنلۇقتا قوغۇنچى،
چۆنەكلەرگە ئىگىشسە.
يېڭى بوغۇن، مويسىپىت
كېسىپ ئېلىپ ساقلايدۇ،
شېئىرلارنى سىز يازغان
كۆرۈپ قالسا گېزىتتە...

شائىر ساقمۇ-ئامانمۇ؟
دەپ سورايدۇ چوپانلار،
چىقىپ قالسام تاغلارغا
كۆردۈم تاغدەك ھۆرمەتنى.
سالام ئېيتتى ھەم مەندىن،
ئامانەتلىك سۆز بۇ دەپ.

نىيەت قىپتۇ ھەم سىزنى،
دىدارلىشىپ كۆرمەكنى.

شائىر دېمەس ئوقۇرمەن،
شېئىر يازغان ھەممىنى.
شېئىر يازغان كۆپ كىشى،
شائىر بولماق تەس بىراق.
ئاتاپ ۋۇجۇد، جۇرئەتنى،
سىز تاپتىڭىز ھۆرمەتنى.
شېئىرىيەتچۇن بىر ئۆمۈر،
باغلاپ ئوتلۇق ئىشتىياق.

× × ×

ئوغلانىسىز سۆيۈملۈك،
ئابرال، ئارقار، دىلمۇكنىڭ.
ئۇستازىمىز قەدىرلىك،
سىزگە ھۆرمەت ئەسسالام!
خەلق سۆيگەن شائىرسىز،
ئىزىڭىزدىن گۈل ئۈنگەن،
قوبۇل ئەيلەڭ،
يۈرەكتىن
سىزگە يەنە ئېھتىرام!

# ھېيتىڭ مۇبارەك

ھېيتىڭغا مۇبارەك يۈرەكتىن دوستۇم،
ئۆيۈمگە پەتىلەپ كەلمىسەڭ مەيلى.
ئاداۋەت، رەنجىشلەر تۈگىسۇن تامام،
بىرلىكتە ھېيت ئويناپ ئىناق ئۆتەيلى.

ئەجدادلار روھىغا قىلايلى دۇئا،
چوڭلارنى قەدىرلەپ قىلايلى رازى.
كىچىكلەر شەپقەتتىن كۈلسۇن سۆيۈنۈپ،
گۈللىسۇن ھاياتنىڭ باھارى، يازى.

دوستلارغا تىلەيلى ياخشى تىلەكلەر،
يار بولسۇن ئەبەدىي بەخت ۋە ئامەت.
بويىنىنى قىسمىسۇن غېرىب-غۇرۋالار،
قولىغا قول بولۇش ئۇدۇم ۋە ئامەت.

مۇبارەك ئېيتايلى بارچە بىرلىكتە،
ھېيتىمىز قىزىسۇن كۈلەيلى ھەممە.
ئۆم-ئىناق ئۆتەيلى نامىمىز ئاقلاپ،
ياشىسۇن قەدىمىي ئۇلۇغ ئەنئەنە!

2000-يىل مارت، چاپچال.

# خەلقىڭ سۆيگەن ئوغلان بولۇپ قال

—چاپچال ناھىيىسىدىكى ياش كارخانىچى
مۇساغا بېغىشلايمەن

ئەۋلادىسەن ئاتمىش كانچىنىڭ،
كانغا ئوتلۇق مېھرىڭ ئاتىغان.
قارا ئالتۇن بېرەي دەپ ئەلگە،
خاڭنى نەپ دەپ، خەققە ساتمىغان.

جاپالارنى يېڭىپ قورقماي،
ئىگىلىك تىكلەپ سالدىڭ رېستوران.
يىگىتلەرگە بولدۇڭ نەمۇنە،
توسالمىدى يولۇڭنى بوران.

رىقابەتتە چىڭ تۇر بەل باغلاپ،
بۈگۈنكى دۇنيا چىدىغانلارنىڭ.
سۆزى ئاقماس ئەندى بازاردا،
كۆرەلمەستىن چىمدىغانلارنىڭ.

ئەلگە كۆيۈپ ياشىغىن، ئىنىم،
ئەقىل دېگەن قانىتى ئەرنىڭ.
ئەلگە بەرسەڭ، ئالىسەن ئەلدىن،
خاسىيىتىغۇ بۇ ئانا يەرنىڭ!

ئىمان بىلەن ياشىغىن مۇسا،
غۇرۇر بولسۇن ھەم ساڭا قانات.
مەرىپەتلىك گۈلباغ ياسىساڭ،
ئۇنتۇمايدۇ مەڭگۈگە ئەۋلاد.

دۇئاسىنى ئاپسەن ئاتاڭنىڭ،
ئانا خەلقىڭ دۇئاسىنى ئال.
ھالال ياشاپ، ھالال باي بولۇپ،
خەلقىڭ سۆيگەن ئوغلان بولۇپ قال!

1999-يىل سېنتەبىر، چاپچال.

# كەلدى نورۇز گۈلخۇمار

كەلدى نورۇز يىل بېشى،
يېڭىلىقتىن بېشارەت.
كۆلۈپ كەتتى كەڭ دالا،
مىدىرلايدۇ مەۋجۇدات.
سەن يېشىللىق ئەلچىسى،
خۇش مۇبارەك دىلرابا،
تۇيغۇلارنى غىدىقلاپ،
جىلۋە قىلغان پەرىزات.

سىڭىڭ ئىللىق كەڭ باغرىڭ،
يېشىل هايات ئانىسى،
سەن تەبىئەت ئەركىسى،
ساڭا شەيدا كائىنات.
ئانا دىيار-زېمىنىغا،
سەن ئاتىدىڭ مۇهەببەت.
سەن ئەجدادتىن تەۋەررۇك،
بىزگە ئىنئام-ئىلتىپات.

نۇر ئۇزاتتىڭ ئۇپۇقتىن،
بولۇپ ئاپتاپ-قۇياشتەك.
قىرغاقلارنى ئويغانغان،
چىن سۆيگۈدە قۇچاقلاپ.
نۇرۇڭ ئەكسى يالقۇنجاپ،
يانغان ئوتلۇق زور ئوتقاش،
ۋادىلارنى باغاشلاپ،
ئاقار دەريا ئوت چايقاپ.

شوخلۇق بىلەن تىنمايدۇ،
شاماللارمۇ بۇ ئەسنا،
كەلدى نورۇز دەپ خۇشال
چالدى كۈمۈش قوڭغۇراق.
نازۇك ھىسلار دەۋرەيدۇ،
نىھاللارنى نازغىتىپ،
تاشقىنلىرى دىللاردا
ئوتلۇق ھەۋەس-ئىشتىياق.

ئۈنلىمەكتە تۇمەن قۇش،
ئورمانلاردا بەس-بەستە.
چوقان سالار ئېقىنلار،
بوستانلارغا ئېلىپ يول.
تەبەسسۇمدە چېچەكلەر،

جىلۋە قىلار باغلاردا.
هايات شۇنداق گۈللەيدۇ،
ئىجىل ئۆتسەك تۇتۇپ قول.

يېڭى سۆيگۈ يۇرەكتە،
ئوتلۇق ھېسلار چاچرىتىپ.
ۋۇجۇدلاردا ياندۇردى،
لاۋۇلدىغان زور گولخان.
كەلدى نورۇز گۈلخۇمار،
ئارمان قىلىپ زارىققان،
پۈتمەس سۆيگۈ ئىلكىدە،
ئېھ، سۆيۈملۈك قەدىردان!

تەبىئەتنى گۈللەيسەن،
ئىشقىڭ بىلەن ھەر كەلسەڭ.
رۇخسارىڭغا مەھلىيا،
مىدىرلىغان جىمى جان.
تەييارلاپتۇ بويۇڭغا،
مۇبارەكلەپ ئاسماقا،
ئەنە، دېھقان يىگىتمۇ،
كۆمۈش تەردىن زەر مارجان.

دالىلارنى، قىرلارنى،

چىللاپ يىڭى ھاياتقا،
سەن كېلىسەن جاھانغا
قوچاق-قوچاق گۈل چېچىپ.
سېنىڭ ياڭراق كۈلكەڭدىن،
جاراڭلايدۇ كەڭ ئالەم.
سېنىڭ بىلەن پارلايدۇ،
يېڭىلىقلار يۈز ئېچىپ!

چىمەن بىلەن بۇلاقنىڭ،
قوشۇلۇشى گوياكى،
نورۇز ئۇلۇغ-زور ئىقىن،
توختىمايدۇ ياشنايدۇ!
بىزگە ئۇدۇم ئەجدادتىن،
قۇتلاپ نورۇز ئۆتكۈزمەك،
بۇ تەۋەررۈك ئەنئەنە
ئۆچمەس نۇر بوپ چاقنايدۇ!

1999-يىل مارت، چاپچال.

# باھار سىزدىڭ، تاڭ سىزدىڭ

ئىلاھ ئەمەس سەن ئادەم،
ئۆتلۈق مېھرىڭ چېكى يوق.
ئەۋلاد ئۈچۈن باغلىغان.
رىشتىڭ مەڭگۈ يېشىلمەس.
پەرۋانىسەن بالاڭغا،
ئانا قۇشسەن گوياكى،
دان بېرىسەن تىنمايسەن،
ھارغىنىڭمۇ بىلىنمەس.

باھارغىمۇ، تاڭغىمۇ،
سەن بېرىسەن گۈزەللىك.
سېخىيلىقتا سەن يەكتا،
ھەتتا خىجىل قۇياشمۇ.
سەن بىر ئاپتاپ بەجايى،
مېھرى تەپتى سوۋۇماس.
سەندىن ئۈلگە ئەۋلادقا،
ھايات سۆيۈپ ياشاشمۇ.

ئارمىنىڭ شۇ باچكىغا،

تۆمۇر قانات پۇتۇلسە.
قىلسا پەرۋاز سامادا،
كۆك يارغان شوڭقار بولۇپ.
ياكى سەندەك بىرەرسى،
بولسا ئۆچمەس نۇرلۇق شام.
نادانلارنى ئويغاتقان،
كېچىلەردە زەر بولۇپ.

ياكى بولسا بىرەرسى،
تەمەلاردىن يىراقتا،
بولسا دېھقان مېھرىنى،
ئانا يەرگە ئاتىغان.
بولسا ئالىم ھەممىسى،
كۆككە بېشىڭ يېتەتتى.
ھالال ياشاپ ئېلىگە،
شەرەپ گۈلى تاقىغان.

سالام!

دېسە بىر قېتىم
سەن ئالدىدىن ئۆتكەندە،
يايراپ كېتىپ تەن-تېنىڭ،
مىڭ ياشايسەن شادلىنىپ.

گويا چاقماق چاققاندەك،

ۋۇجۇدۇڭدا بىر لەرزە،
ئەۋلاد كۆلسە دېگەن شۇ،
ئارمانلىرىڭ قاتلىنىپ.

مەرىپەتسىز ياشىغان،
نادان مىللەت دۇنيادا.
چاڭ-توزانغا كۆمۈلۈپ،
توزۇپ كېتەر بۇ ھەق گەپ.
شۇڭا ئارزۇ ئۈمىدتە
تىلەپ كەلدىڭ، ئەۋلادىم
ئايغا چىقىپ ئالەمنىڭ،
سىرلىرىنى ئاچسا دەپ.

باھار سىزدىڭ، تاڭ سىزدىڭ،
ئەۋلادلارنىڭ دىلىغا.
تاشقا مۆھۈر باسقاندەك،
ئۆچمەس نەقىش-گۈل قىلىپ.
شۇڭا ئەجرىڭ ئۆچمەيدۇ،
ئەسىرلەردىن-ئەسىرلەر،
مىليونلىغان يۈرەكتە
ياشنار ئەبەد يادلىنىپ!

1999-يىل سېنتەبىر، چاپچال.

# يىللارنىڭ بەرگىنى ئۈمىد، مۇھەببەت

ئالەمگە كۆز ئاچتىم يېڭىلىق بىلەن،
بۇ ماڭا يىللارنىڭ تۇنجى سوۋغىسى.
بىغۇبار پاك ئىدىم ئانام باغرىدا،
روھ بىلەن مەن تەننىڭ يۇغۇرۇلمىسى.

بوۋاقلىق چاغلىرىم ئۆتتى بەكمۇ تېز،
بالىلىق يۇگىرەپ يېتىشتى ماڭا.
قەلبىمدە ياخشىلىق ھەمدە يامانلىق،
ھېسلىرى بىخلىدى شۇ چاغدا يانا. . .

ياشلىقىم قوغلىدى بالىلىقىمنى،
يىللارنىڭ بەرگىنى ئۈمىد، مۇھەببەت.
تەنھالىق قەسىرى ئاچتى دەرۋازا،
ھاياجان ئىلكىدە ھاياتقا قەۋەت.

مۇھەببەت ئىلاھى ھۆرلەر ئەۋەتتى،
جىلۋىسى ئېھ، ئىللىق گويا تولۇن ئاي.
تەڭلىكتە ھودۇقتۇم قايسىسى مېنىڭ،

مۇھەببەت،
مۇھەببەت سېھىرلەرگە باي.

مۇھەببەت تونۇتتى ماڭا ئۆزۈمنى،
تونۇتتى ھاياتنى، ئادەملەرنى ھەم.
گۈزەللىك ئۆمرى قىسقا نېمىشقا؟
كۆزدە ياش،
تاماقتا قالدى قىرتاق تەم.

قىرانلىق دەۋرىمنى سەن قىلدىڭ نېسىپ،
تەشەككۈر ئېيتىمەن رەھمەت دەپ يىللار.
ئەل-ۋەتەن مەن ئۈچۈن ھەممىدىن ئەلا،
ئەجرىمدىن ھاسىلدۇر شۇ ئۆچمەس ئىزلار.

دۇنيادا ھېچنەرسە ئەمەستۇر باقىي،
ئالماق بار، بەرمەك بار بۇ شۇنداق ئالەم.
يورغىسىنى يىللارنىڭ توسالماس ھېچكىم،
ئەجىرلىك مېھنەتتىن كۆكلەيدۇ ئادەم.

قالىدۇ مېنىڭدىن نەسەب، نېسىۋەم،
يوق ئىدىم، بار بولدۇم يەنە يوقايمەن.
ھاياتنىڭ بەرگىنى شۇ ئىككى يوقلۇق،
ئىز باسقان ئەۋلادىم مەۋجۇت قورقمايمەن.

يىللارنى ھاپاش قىپ كېلىدۇ نەۋرەم،
بۇمۇ بىر يېگىلىق ئىزلارنى چاتقان.
ئۆتىدۇ كۆنلىرىم ئۈمىدتە شۇنداق،
ئېھ، يىللار سەھىپەڭ يېڭى بەت ئاچقان!

2000-يىل يانۋار، چاپچال.



# تاشلىغىن نىگاھ

كىرپىكىڭدىن ياسالغان ئوقلار،
يۈرىكىمگە ئاتتىڭ نىشانلاپ.
سەنتۇرۇلدۇم، بىراق ئۆلمىدىم،
بىر ئوھ تارتىپ كەتتىم ئىغاڭلاپ.

تىنىقىڭدىن گۈپۈلدەر ئىپار،
بېقىشىڭدىن تۆكۈلەر ئاپتاپ.
سەنغۇ كەتتىڭ، مەن قالدىم تەنھا،
شۇندىن بۇيان بوپقالدىم بىتاپ.

ئۆتتى ۋاقىت ساقايدىم، ئەمما
يۈرىكىمدە قالدى بىر تارتۇق.
قايتىپ كەلسەڭ تاشلىغىن نىگاھ،
شۇ نىگاھىڭ جېنىمدىن ئارتۇق.

2000-يىل ئىيۇل، چاپچال.

# شادلىقىمدىن كۆتۈردۈم چوقان

يۇلتۇز ئۇخلاپ قالدى بۇ مەھەل،
تېخى ئويغاق تەنھا بىر ئۆزۈم.
ئەتراپىمغا قارايمەن تىمتاس،
سۇبھى قىزدىن ئۈزۈلمەس كۆزۈم.

ۋۇجۇدۇمدا پارتلاپ ۋۇلقان
كۈلدى بېقىپ ماڭا ئاي، چولپان.
سەگىپ كەتتىم جىسمىم يېنىكلەپ،
شادلىقىمدىن كۆتۈردۈم چوقان.

2000-يىل ئىيۇل، چاپچال.



# جىسمىم شادلىق ئىلكىدە شۇ تاپ

چۈشلىرىمدە كۆرۈمەن سېنى،
ئوڭۇمدا سەن كۆرۈنمەيسەن ھېچ.
ئىزدەپ باردىم دەريا بويىغا،
دەراي سۈيى غەمسىز تىپتىنچ.

بولدى شۇدەم كۆڭلۈم پەرىشان،
ھىجرانىڭغا بېرەلمەي بەرداش.
دەريا سۈيى دەۋرىدى شۇئان،
دولقۇنلىرى مۇڭۇمغا سىرداش.

سوئاللىرىم يېشىلدى تۈگەل،
پەرىشانلىق تارقىدى تامام.
مەجنۇنتاللار مەخمەل قىياقلار،
پىچىرلاشتى، قىلىشتى سالام.

جىسمىم شادلىق ئىلكىدە شۇتاپ،
ئىنتىلىشلەر ھەمراھ ھەم قاياش.
شىجائەتتىن پاكلاندى ۋۇجۇد،
ۋىسال، ئارزۇ بىر ئۆمۈر قولداش.

2000-يىل ئىيۇل، چاپچال.

# هالاللىقتا قۇياشتەك جامال

تۇزۇمايدۇ، تۇزۇماس ئەسلا،
ساداقىتىم ئاچقان چېچەكلەر.
توڭدۇ ئەمما ۋايىغا يەتسە
پىشىپ قالار سويما-خەمەكلەر.

ساداقىتىم ئاچقان چېچەكلەر،
يۈرىكىمگە بېرىدۇ ئارام.
ھالاللىقتىن ئالىمەن بەرىكەت،
ھالاللىققا مىڭ مەرتە سالام!

ھالاللىققا مىڭ مەرتە سالام،
ھالاللىققا تەشنادۇر بالام.
ھالاللىقتا ياشنايدۇ دۇنيا،
ھالال بولسام ئەزىزلەر ئانام!

كەلگۈسىنىڭ ئىگىسى ئەۋلاد،
سۆيۈملۈك دەر، ھالال بول-
ھالال.
ھالاللىقتا قەددىڭ بىر شەمشار،
ھالاللىقتا قۇياشتەك جامال!

# تاك شاملى سۆيگەن يۇزۇمنى

تاڭ شاملى سۆيدى يۇزۇمنى،
ئاھ، يۈرىكىم كەتتى تىپىرلاپ.
ئەركەم مېنى قىلمىغىن غەمكىن،
قۇلىقىمغا ئاستا پىچىرلاپ.

سەزگۈلىرىم ھەمدەم بول ماڭا،
تاڭلار مېنىڭ سۆيگۈنۈم ئەبەد.
تاڭلار يۇيار ھەسرەتلىرىمنى،
مەن ئاشىقمەن ئۇنىڭغا قەۋەت.

ناخشىلىرىم تەڭكەش ساداغا،
سالاملىرىم ياڭرار ئالەمگە.
تاڭ ئەركىسى جىلۋىسى بىلەن
مەنسۇپ ھايات سۆيگەن ئادەمگە.

تاڭ شاملى سۆيگەن يۈزۈمنى،
سەندىن ئالاي ئۆمۈرلۈك لەززەت.
ئىقباللارنى قوغلاپ تۇتۇۋال،
ۋىسال مەنسۇپ ئەبەدىلئەبەد.

2000-يىل ئاۋغۇست، چاپچال.

# سەن تىكلىگەن ئۆلمەس ئابىدە

مەيىن شامال چۆچەك ئېيتقىنا،
ماڭا يېڭى سۆيگۈ ھەققىدە.
پۈتۈپ قويدۇم سېنىڭ ئۈچۈن مەن،
يۈرىكىمدە ئوتلۇق قەسىدە.

كەچمىشلەردىن يېزىپ خاتىرە،
سەن تىكلىگەن ئۆلمەس ئابىدە.
ياش تۆكسۈن ئۆكسۈپ قان يۈتۈپ،
سۆيگۈ ئىزدەپ مەسۇم ئاجىزە.

ئاجىزەنىڭ ئاۋۇنسۇن كۆڭلى،
پاك سۆيگۈنىڭ شەربەتلىرىدىن.
ساقلىغايكى ئىلاھىم ئۆزى،
يامان كۆزلەر ھەسەتلىرىدىن.

سەنمۇ سۆيگەن ئېھساتنى-قۇتنى،
تەبىئەتنىڭ ئىگىسى ئادەم.
قۇياش بالقىپ، تاڭلار سۇزۇلۇپ،
ئىللىقلىققا چۆمۈلەر ئالەم.

2000-يىل چاپچال، ئاۋغۇست.

# رۇبائىيلار

قارلىغاچ-قارلىغاچقا دان بېرىدۇ،
قېرىنداش-قېرىنداشقا جان بېرىدۇ.
چىن مەردنى سىناپ كۆرگىن چىنپۇتسەڭ،
ئۆزى ئاچ مۇساپىرغا نان بېرىدۇ.

× × ×

ئەي، ئىنسان ئەڭ ئاۋۋال تاپقۇلۇق ئەقىل،
نۇقسانسىز ياشىماق قىيىندۇر-قىيىن.
زېمىنغا گۈل تېرىپ ياشىساڭ بىر كۈن،
تىللىماس ئەۋلادىڭ-ئەۋرەڭمۇ كېيىن.

× × ×

”كېيىنكى پۇشايمەن ئۆزۈڭگە دۈشمەن“،
دانىشمەن ئاقىللار ئېيتقان توغرا سۆز.
مىڭ ئېغىز سۆزلىمەي تۈزلۈك ھەققىدە،
سەن ئاۋۋال مېڭىپباق بىر قەدەم تۈپتۈز.

يوق دېمە ئەي ئاقىل، ئۆزۈڭدە نۇقسان،
قېنى كىم، دۇنيادا ئېۋەنسىز ئىنسان؟
تۈزەتسەڭ سەزگەندە ئېۋەنلىرىڭنى،
ھاياتسەن شۇندىلا دۇنيادا ھامان.

"كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن،"
بۇ ھەقتە توختالدى ئاقىل-دانىشمەن.
ھاياتنىڭ سىرلىرى كۆپكەن ئاشۇنداق،
پەرۋىشسىز قالسىلا قۇرۇيدۇ چىمەن.

زەڭ سېلىپ ھاياتقا قارىساڭ دوستۇم،
يىراقتا كۆرۈنەر ئاقىرىپ بىر تاڭ.
نادانلىق ۋەجىدىن تاپمىساڭ ئەقىل،
تۇرىدۇ ئالدىڭدا تەگسىز چوڭقۇر ھاڭ.

ھايات دولقۇندا ئۆزگەن بىر كېمە،
قىرغاقنى كۆرمەستىن ئۆزدۇم مەن دېمە.
باغ ياساپ گۈل تەرمەي ئانا زېمىنغا،
مەن باسقان يوللاردىن ئىز قالدى دېمە.

چىن ئىنسان خىسلىتى تەمەسىز ياشاش،
بەك مۈشكۈل بىر ئۆمۈر خاتاسىز ياشاش.
ئانا ئەل باشپاناھ باتۇر ئوغۇلغا،
شۇ سەۋەب نومۇستۇر ئەجىرسىز ياشاش.

ۋەتەن-ئەل يىلتىزىم يۈرىكىم مېنىڭ،
تىنىقىم-ھاياتىم، تىرىكىم مېنىڭ.
بىر ئۆمۈر ئۇ ئۈچۈن ھالال تەر تۆكۈش،
ئەڭ ئالىي نىيىتىم-تىلىكىم مېنىڭ.

ۋەتەن-ئەل تۈگىمەس ئەقىل-ئىدرىكىم،
شادلىقىم، قۇۋانچىم، بايرام-كۆرىكىم.
كۆيمەن ئىشقىدا پەرۋانە بولۇپ
تەسەددۇق ئۇنىڭغا ئىجاد ئەمگىكىم.

ۋەتەن-ئەل جانىجان ئېزىزدۇر ماڭا،
ئالەمچە مۇھەببەت مېھرىم بار ئاڭا.
جان پىدا ئەيلىسەم يولىدا ئۇنىڭ
بىھېساب شادلىق ھەم چىن راھەت ماڭا.



مەسئۇل مۇھەررىر: **ئەخمەتجان ھوشۇر**
مەسئۇل كوررېكتور: **خۇدابەردى خېلىل**
كىتاب ئىسمىنى يازغۇچى: **دولقۇن قادىر**

**تۇردى داۋۇت**

# ئەقىدە

(شېئىرلار)

**نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى:** مىللەتلەر نەشرىياتى
**نەشرىياتنىڭ ئادرېسى** : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ،
پوچتانومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 010-64290862
**تور ئادرېسى** : http://www.e56.com.cn
**باسقۇچى** : دىشىن باسما زاۋۇتى
**ساتقۇچى** : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
**نەشرى** : 2001-يىل 11-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
**بېسىلىشى** : 2001-يىل 11-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
**ئۆلچىمى** : 1092×787مم. 32 كەسلەم
**باسما تاۋىقى:** 4.375
**سانى** : 0001—2000
**باھاسى** : 6.80 يۈەن

**图书在版编目(CIP)数据**

信念/图尔迪·达吾提著.—北京:民族出版社,2001.11

ISBN 7-105-04712-7

Ⅰ.信... Ⅱ.图... Ⅲ.诗歌-作品集-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 078392 号

**责任编辑**:阿合买提江
**责任校对**:胡达拜地
**出版发行**:民族出版社　　电话:010-64290862
**网　　址**:Http://www.e56.com.cn
**社　　址**:北京市和平里北街 14 号　　邮政编码:100013
**印　　刷**:迪鑫印刷厂
**经　　销**:各地新华书店
**版　　次**:2001 年 11 月第 1 版　2001 年 11 月北京第 1 次印刷
**开　　本**:787×1092 毫米　1/32
**印　　张**:4.875
**印　　数**:0001—2000 册
**定　　价**:6.80 元

责任编辑◆阿合买提江 封面设计◆刘家峰

DIANNAOZHIZUO：TAIYANGXIAOWU

010-64228311



ISBN 7-105-04712-7

9 787105 047123 >

ISBN 7-105-04712-7/I · 1060

民文（维194） 定价：6.80元